بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعاً وَلاَ تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني 中国穆斯林

2007

يىللىق توپلام

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ژۇرنىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللّٰهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني



1

2007

... ثقافية علمية جامعة
... ئىسلام ئىلىم - مەدەنىيەت ژۇرنىلى




2006 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى. ئىسمائىل ئەھمەد، بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق رەھبەرلەر زىياپەتكە ئىشتىراك قىلدى.



زىياپەتكە ئىسلام ـ ئەرەب ئەللىرىنىڭ دىپلوماتىيە خادىملىرى، چەت ئەللىك مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلەر ۋە بېيجىڭدىكى مۇسۇلمان ۋەكىللەر قاتناشتى.



2006 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نىيۇ ماۋشېڭ باشچىلىقىدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى رەھبەرلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.



2006 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.



2006 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا چىقىدىغان تالىپلارنى ئۇزىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.




2006 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 4 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى سالىھ، دىلشات، ياقۇپ ھاجى تارتقان)

www.uyghurkitap.com

## رەئىس جياچىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى

ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن 2-ئاينىڭ 12-كۈنى مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنى جۇڭنەنخەيگە چاغانلىق سۆھبەتكە چاقىردى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەم باش شۇجى خۇ جىنتاۋغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي زاتلار ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ يېڭى باھار بايرىمىنى مۇبارەكلىدى.

جيا چىڭلىن دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: 11-بەش يىللىق مەزگىلنىڭ باشلىنىش يىلى بولغان 2006-يىلدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى جايلار، تارماقلار، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن، دىن خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى دىنلار ئىناق ۋە مۇقىم ياخشى ۋەزىيەتنى داۋاملىق ساقلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زېھنىنى قۇرۇلۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

جيا چىڭلىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2007-يىل پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم بىر يىل. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 17-قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلىدۇ، بۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ بىر ئىش. شۇڭا، بۇ يىللىق دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتى جەھەتتىكى تۈپ يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىننىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقىنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىز دىنلىرىنىڭ ئىناق ۋە مۇقىم ياخشى ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداپ، 17-قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىش كېرەك.

جيا چىڭلىن دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى توغرىسىدا تۆت تۈرلۈك ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچى، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. ئۆز خىزمىتىنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئەقىل پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققى قىلدۇرۇش، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ باي بولۇش، تۇرمۇشنى ياخشىلاش تەرەپكە تېخىمۇ كۆپرەك ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. ھەر مىللەت ئېتىقادچى ئاممىسى ئارىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ يۈكسىلىش ئىدىيىسى ۋە چۈشەنچىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ مىللىي- دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ئىشلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ مۇۋاپىق مەنپەئەت ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش، بۇ ئارقىلىق تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائى مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ ئېتىقادچى ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ سىياسىي جەھەتتە كەڭ ئورتاق تونۇشتا بولۇشى، ئىتتىپاق- دوستانە بولۇشى، ئىناق بىللە ياشىشى، تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئورتاق زىممىسىگە ئېلىشىنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئوخشاش بولمىغان دىنلار ئارىسىدىكى ھۆرمەت ۋە چۈشىنىشنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش، ھەرقايسى دىنلار ئارىسىدىكى سۆھبەت ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، پەرقلەرگە ھۆرمەت قىلىپ، ئورتاق تونۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ "ئىناق ئەمما پەرقلىق بولۇش"، مەنزىلىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە ساقلاپ، ھەرقايسى دىنلار ئىناق بىللە ياشاشتەك ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى دىنلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەتراپىغا تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلىشىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، ھەرقايسى دىنلاردىكى جەمئىيەت ئىناقلىقىغا پايدىلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق قېزىش ۋە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دىنىي ئەقىدىلەرنى جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىش تەلىپىگە مۇۋاپىق شەرھلەشكە تىرىشىش، ئىناقلىققا پايدىلىق ئەقىدە ئىدىيىسى ۋە قىلمىش ئۆلچەملىرىنى قېزىش ۋە تەشەببۇس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئىناقلىققا پايدىسىز ئامىل ۋە ئەھۋاللارنى تۈگىتىش، بۇ ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇش كېرەك.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۇ، دۆلەت كومىسسارى قوشۇمچە گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى خۇاجيەنمىن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇيەندۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە مەملىكەتلىك يەتتە دىنىي تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەتكە قاتناشتى، جۈملىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۇي، مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، ئادىل ھاجى كېرەم، جايلاردىكى مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئابدۇللىتىپ داموللا ھاجى، ھەبىبۇللا شې شىڭلىن، ئابدۇللا خەن شىڭگۈيلار سۆھبەتكە داخىل بولدى.

# مۇندەرىجە


## ئالاھىدە خەۋەرلەر

رەئىس جيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرى
بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى ........ئۆز خەۋىرىمىز(1)

## سىياسەت ـ نىزاملار

مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى ........(4)
ئىسلام دىنى خادىملىرى سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى ........(7)
ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى
تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى ........(8)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

تەپەككۇر بىلەن ئىبادەتنىڭ بىردەكلىكى ........
........شھابىدىن ئابدۇلئەھەد(10)
ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگىچە ........
........نەزىرە مۇھەممەد سالىھ(15)

## شەرىئەت ئەھكاملىرى

ئەزان ۋە تەكبىر(ئىقامەت) توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار ........
........ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد ، مۇھەممەد مۇسا(26)

## ۋەز ـ تەبلىغ

ئىسلام دىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن چەكلەيدۇ
........تاھىر ھاجى قادىر(32)

## ئىسلام دىنى ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلە

ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى ........
........ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى(39)

## ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتلىرى

ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى — ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتى........
........ئادىل ھاجى كېرەم(46)


المسلم الصيني





## جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي 82-سان 总第82期)

**باش مەسئۇل:**
ئادىل ھاجى كېرەم

**باش مۇھەررىر:**
شەمشىدىن ھاجى

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:**
ھاجى بارات رەجەپ


**تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:**
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

**مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:**
شەمشىنۇر ھوشۇر

**主　管**：阿地里江·阿吉克力木
**主　编**：夏米西丁·哈吉
**副主编**：巴拉提·热吉甫
**技术编辑**：安瓦尔·穆罕默德
**封面设计**：夏美希努尔·吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى : ISSN1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى : CN11—1346/B
邮发代号：58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى :
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1720
国外代号：Q1720
E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

# China muslim




2007

1

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېلېفون نومۇرى: 59313090، 59313021-(010)
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون نومۇرى: 2572090 (0991)
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：(010) 59313021，59313090
新疆发行站:乌鲁木齐市延安路 119 号
邮编:830001 电话：(0991) 2572090
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)


## مۇندەرىجە

### ئىسلام ئەللىرى


ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ئەللىرى............شەمشىدىن ھاجى(51)
ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى ۋە ئەرەب ئەللىرى............شەمشىدىن ھاجى(55)


### ئىسلام دىنى غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدە


ئىسلام دىنى ياپونىيەدە ..................ھاجى بارات رەجەپ(56)


### خەلقئارالىق بېرىش - كېلىشلەر


بۇ يىلقى ھەج خىزمىتى ئۈمىكى مۇلازىمەت ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى ...................(59)
ئىران ئىسلام بىرلەشمە پارتىيىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ..................................(60)
ئافغانىستان پارلامېنتى مۇتىۋەرلەر كېڭەشىنىڭ رەئىسى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى ................................(60)
جەمئىيىتىمىز ۋەكىللىرى "ئاسىيا دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ئىجرائىيە ھەيئىتى يىغىنى"غا قاتناشتى ....................................(61)


### ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى ..............(61)
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى رەھبەرلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ..............(61)
شاۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.........................................(62)
شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى 7-نۆۋەتلىك 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى.........................................(62)


### ئىسلام مائارىپى


جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىرى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا چىقىدىغان تالىپلارنى ئۇزىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى................(63)
ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مۇنەۋۋەر تالىپلارنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى مىسىردا ئۆتكۈزۈلدى .........................................(63)
ۋەزىپىدىكى ئىمام-خاتىپلار كۇرسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى ..............(63)


### تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار


ھەسەنجان مەمەت، ياقۇپ ھاجى، ئەخەت ئابلىز قاتارلىقلار خەۋىرى.......(64)


### خەۋەرلەر


سەمەت ئابلىز خۇداۋەردى، نىياز ساتتار قاتارلىقلار خەۋىرى..............(64)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: ئوماندىكى سۇلتان قابۇس جامەسىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى


**بۇ سان 2007-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى**

# مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى

(2006 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان. 2006 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئېلان قىلىندى)

## 1- باب: ئومۇمىي پرىنسىپ

**1- ماددا** مەسچىتنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، مەسچىتنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، مەسچىتنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، «دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ـ ئەھكامى ھەم ئەنئەنىسىگە ئاساسەن مەزكۇر چارە تۈزۈپ چىقىلدى.

**2- ماددا** مەسچىت—— ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ۋەز ـ تەبلىغ سۆزلەپ دىن تەشۋىق قىلىنىدىغان، دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدىغان، دىنىي ئىشلارنى بېجىرىدىغان سورۇن. مەسچىت قانۇن بويىچە تىزىمغا ئالدۇرۇلۇشى كېرەك.

**3- ماددا** مەسچىتتە ”مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى“(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ”مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى“ دېيىلىدۇ) تەسىس قىلىنىپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، دىنىي ئىشلار، مەسچىت ئىشلىرى ۋە باشقا ئالاقىدار ئىشلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

**4- ماددا** مەسچىتتىكى دىنىي پائالىيەتلەر دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزام، قائىدە ۋە سىياسىتىدە بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

**5- ماددا** مەسچىت ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئۆي ـ جاي، مەسچىت ئىشلىتىۋاتقان يەر ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەر شۇ مەسچىت جامائىتىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە تەئەللۇق بولۇپ، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ياكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇلارنى باشقۇرۇش ۋە قوغداشنى كۈچەيتىشى لازىم.

## 2- باب: باشقۇرۇش تەشكىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مەسئۇلىيىتى

**6- ماددا** مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىت جامائىتىنىڭ ئاممىۋىي تەشكىلاتى بولۇپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، ئادىل ئىش بېجىرىدىغان، جامائەت ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدىغان، ياخشى دىنىي ئىبادەت قىلالايدىغان، مەلۇم دىنىي بىلىمى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى بولغان شۇ مەسچىت مۇسۇلمانلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ ھەمدە يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى شۇ مەسچىت جامائىتىنىڭ دېموكراتىك كېڭىشىپ كۆرسىتىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىشى كېرەك. شۇ مەسچىت دىنىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ تەيىنلىگەن ئاخۇن، ئىمام، خاتىپ قاتارلىق ئاساسلىق دىنىي خادىملار مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولسا بولىدۇ. مەسچىت شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ بارلىققا كېلىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىدە بىر مۇدىر، بىر قانچە مۇئاۋىن مۇدىر تەسىس قىلىنىدۇ. ھەر نۆۋەتلىك مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولىدۇ، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مۇدىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئادەتتە ئىككى قاراردىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئۆزى تۇرۇشلۇق يەرلىك ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا يوللىنىپ ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى كېرەك.

**7- ماددا** مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھېمايە قىلىشى، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزام، قائىدە ۋە سىياسىتىگە ئەمەل قىلىشى، خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى، يەرلىك يېزا(بازار)لىق خەلق ھۆكۈمىتى، مەھەللە باشقارمىسىنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىدە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ۋە مەسچىت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى، شۇ مەسچىت جامائىتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

**8- ماددا** مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشى كېرەك، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى:

(1) دىنىي خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەشكە، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولۇش؛

(2) مەسچىت تالىپلىرىنى تەربىيىلەشنى ئۇيۇشتۇرۇش؛

(3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇش، ئۆز ئەتراپىدىكى ئورۇن ۋە ئاھالىلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ياخشى يولغا قويۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش؛

(4) مالىيە، بوغالتېرلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، مالىيە ئىشلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش، ھېساباتنى دۇرۇس قىلىش، كىرىم ـ چىقىمنى قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇرۇش؛

www.uyghurkitap.com

(5)ئادەم، ئامانلىق، ئوت مۇداپىئەسى، مەدەنىيەت يادىكارلىق مۇھاپىزىتى، مۇھەت تازىلىقى قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى، نازارىتى ۋە تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىش؛

(6)ئۆز مەسچىتى جامائىتىگە دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزام، قائىدە ۋە سىياستىنى تەشۋىق قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ۋە پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇن، سىياسەتلەرنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ھەمكارلىشىش، ئۆز مەسچىتى جامائىتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىششقا يېتەكلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش، دىنىي ئىناقلىق ۋە جەمئىيەت ئىناقلىقىنى قوغداش؛

(7) مەسچىتنى رېمونت قىلىش ۋە ئاسراش؛

(8) ئۆزىنى ئۆزى قامداش مەقسىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت ۋە جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى ئاكتىپ يولغا قويۇش؛

(9) ئۆز مەسچىتى جامائىتىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش، مەسچىتتىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان قانۇنسىز، قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرنى توسۇش.

## 3- باب: دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇلۇشى

**9- ماددا** مەسچىتتە بولىدىغان دىنىي پائالىيەتلەر ئاساسلىقى: ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش، دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بېرىش، رامىزانلىق ئەمەل-ئىبادەتلەرنى قىلىش ھەمدە دىنىي ئايەملەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، تەكلىپكە بىنائەن مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ خەتمە قۇرئان ئۆتكۈزۈش، مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇش، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم قاتارلىق ئىشلىرىنى بېجىرىشتىن ئىبارەت.

**10- ماددا** مەسچىتتىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى شۇ مەسچىتنىڭ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا شۇ مەسچىتنىڭ ئاخۇن، ئىمام، خاتىپى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، باشقا مەسچىتنىڭ ئاخۇن، ئىمام، خاتىپى ۋە جامائىتىنىڭ ئارىلىششىغا يول قويۇلمايدۇ.

**11- ماددا** مەسچىت چوڭ كۆلەملىك دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىشى، پائالىيەت ئۆتكۈزمەكچى بولغان كۈندىن 30كۈن ئىلگىرى، پائالىيەت ئۆتكۈزىلىدىغان جايدىكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشى كېرەك.

**12- ماددا** مەسچىتنىڭ بارلىق دىنىي پائالىيەتلىرى جەمئىيەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە خىزمەت تەرتىپىگە توسقۇنلۇق قىلىشتىن ساقلىنىشى، مەزھەپ ماجىراسى ۋە باشقا ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. نورمال دائىرىدىن ھالقىغان دىنىي پائالىيەتلەرنى مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ۋە ئاخۇن، ئىمام، خاتىپ نەسىھەت قىلىپ توسىشى ھەم چەكلىشى كېرەك.

**13- ماددا** مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىت ئىچىدە زور ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ياكى دىنىي پەرھىزگە خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئازار بېرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەر يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. يۇقىرىقىدەك ۋەقە ياكى ھادىسە يۈز بەرگەندە، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا دەرھال مەلۇم قىلىشى كېرەك.

## 4- باب: ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە كۈتۈۋېلىش خىزمىتى

**14- ماددا** مەسچىتلەر ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش، خەيرى-ساخاۋەت قىلىش قاتارلىق جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىي پەزىلەتكە پايدىلىق بولغان باشقا پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىششى لازىم.

**15- ماددا** مەسچىتلەر شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئاكتىپ قوللىشى لازىم.

**16- ماددا** مەسچىت خادىملىرى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارمىقى ئۇيۇشتۇرغان مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، قانۇن، ئىقىم مەسىلىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى ۋە قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**17- ماددا** شىياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەلدىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار ھەم چەت ئەللىك مۇسۇلمان مېھمانلار مەسچىتكە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە-زىيارەت قىلسا ۋە ناماز ئۆتەسە، مەسچىت ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشى لازىم. تاشقى مۇناسىۋەتتە تاشقى ئىشلار تارماقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىش، دىپلوماتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىش، مۇستەقىل بولۇش، دىنىي ئىشلارنى ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. مەسچىتلەر شىياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن ۋە چەت ئەللىك ئىسلام دىنى خادىملىرىنى مەسچىتتە ۋەز-تەبلىغ قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغاندا، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېجىرىشى كېرەك.

**18- ماددا** مەسچىتلەر يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارغا نىكاھ، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى قاتارلىقلارنى بېجىرىپ بەرسە بولىدۇ. نىكاھ ئوقۇتماقچى بولغان چەت ئەللىك مۇسۇلماندا قانۇن بويىچە تويلۇق ئەھدى مۇناسىۋىتى بولغان بولۇشى كېرەك.

## 5- باب: مەسچىت مائارىپى ۋە دىنىي ئىلىم تەتقىقاتى

**19- ماددا** شارائىتى بار مەسچىتلەر مەسچىت مائارىپىنى يولغا

قويۇپ، دىنىي ئىلىم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان، مەلۇم دىنىي بىلىم ۋە سىياسەت، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ھەم ئەخلاقىي ساپاغا ئىگە ئىختىساسلىق ياش دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرسە بولىدۇ.

**20- ماددا** مەسچىت مائارىپىنى يولغا قويۇشتا، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش، مەسچىتنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ۋە ئاخۇن، ئىمام، خاتىپلارنىڭ دىنىي ئىلىم سەۋىيىسى، ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشى ھەم تالىپلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە چىقىش يولى ئەھۋالىغا بېقىپ ئويلىشىش كېرەك. شارائىتى بار مەسچىتلەر دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە، ھۆكۈمەت دىن ئىشلىرى تارمىقىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، دىن ئوقۇتۇش سىنىپى ئاچسا بولىدۇ. مەسچىت مائارىپى، دىن ئوقۇتۇش سىنىپىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئۇسۇلى، كۆلىمى، تالىپلار سانى، دەرسلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئوقۇش مۇددىتى قاتارلىقلاردا يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش لازىم.

**21- ماددا** مەسچىت مائارىپى دەرسلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىشى كېرەك، يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش لازىم.

**22- ماددا** مەسچىتتىكى تالىپلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى مەسچىت جامائىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتىگە قاراپ، تالىپلار تەمىناتىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىش ياكى مەسچىت مۇۋاپىق ياردەم بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەك.

**23- ماددا** مەسچىت دىنىي كىتاب، ژۇرنال، ئۈن-سىن بۇيۇملىرى تۈزۈپ باستۇرغاندا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تەستىقلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى لازىم.

## 6- باب: مەسچىت مال-مۈلكىنى باشقۇرۇش ۋە ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرى

**24- ماددا** مەسچىت ئۆز ئىلكىدىكى ئۆي ۋە ئىشلىتىۋاتقان يەرنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆي-جاي، يەر باشقۇرۇش تارمىقىغا قانۇن بويىچە ئىلتىماس قىلىپ تىزىملىتىپ، ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ئىشلىتىش ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى ئېلىش كېرەك؛ مۈلۈك ھوقۇقىدا ئۆزگىرىش بولغاندا، ئۆزگەرتىش رەسمىيىتىنى ۋاقتىدا ئۆتەش كېرەك.

**25- ماددا** مەسچىت دىنىي پائالىيەتكە ئىشلىتىۋاتقان ئۆي، قۇرۇلما ۋە ئۆز قارمىقىدىكى دىنىي خادىملار تۇرمۇش ئۆيلىرىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، رەنە قويۇشقا ياكى دەسمايە قىلىشقا بولمايدۇ.

**26- ماددا** مەسچىت ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىشلىرىنى قانۇنلۇق ئاساستا ئاكتىپ قانات يايدۇرۇشى، دىنىي كىتاب، ژۇرنال، دىنىي لازىمەتلىك ۋە دىنغا ئائىت ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ تارقىلىشنى ياخشى يولغا قويۇشى، بۇنىڭ تاپاۋىتى ۋە باشقا قانۇنلۇق كىرىملەرنى مەسچىتنىڭ مالىيە باشقۇرۇشىغا كىرگۈزۈپ، مەسچىتنىڭ ئاساسىي مەقسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىشى كېرەك.

**27- ماددا** مەسچىت قۇرغان كارخانا، كەسىپلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىپ تىزىملىتىپ تىجارەت كېنىشكىسى ئېلىشى، قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىشى كېرەك. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىدا، قۇرۇلغان كارخانا، كەسىپلەر مۇستەقىل ھېسابات قىلىشى، ئۆز ئالدىغا ئوقەت قىلىشى، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

**28- ماددا** مەسچىت دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكام ۋە ئەنئەنىسى ئاساسىدا، چېگرا ئىچى-سىرتىدىكى تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئىئانىسى(سەدىقىسى) قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

**29- ماددا** مەسچىت ئۆزى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلىگەن دىنىي خادىملارنىڭ ۋە مەسچىت خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

**30- ماددا** مەسچىتنىڭ مال-مۈلكى، تاپاۋىتى تىزىمغا ئېلىنىشى ھەممە ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىشى كېرەك. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى قەرەللىك ھالدا جامائەتكە مالىيە كىرىم-چىقىم ئەھۋالىنى ئېنىق ئېلان قىلىپ تۇرۇشى، ھەممە مالىيە كىرىم-چىقىم ئەھۋالى ۋە ئىئانە قوبۇل قىلىش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى شۇ جايدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا دوكلات قىلىشى كېرەك.

## 7- باب: قوشۇمچە پرىنسىپ

**31- ماددا** مەسچىت سىرتىدىكى، قانۇن بويىچە تىزىملىتىلغان باشقا مۇقىم ئىسلام دىنى پائالىيىتى ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى مەزكۇر چارىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**32- ماددا** ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەزكۇر چارىگە ئاساسلىنىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ كونكرېت باشقۇرۇش تەپسىلىي قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ.

**33- ماددا** بۇ چارىنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە بولىدۇ.

**34- ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. 1993-يىل12-ئاينىڭ 17-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ماقۇللىغان «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ سىناپ يولغا قويۇش چارىسى» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىكار قىلىنىدۇ.

# ئىسلام دىنى خادىملىرى سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى

(2006 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان. 2006 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئېلان قىلىندى)

**1- ماددا** ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشنى ۋە مۇناسىۋەتلىك كۈندىلىك باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، «دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكامى ھەم ئەنئەنىسىگە ئاساسەن مەزكۇر چارە تۈزۈپ چىقىلدى.

**2- ماددا** مەزكۇر چارىدە ئېيتىلغان ئىسلام دىنى خادىملىرى — ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكامى ۋە ئەنئەنىسى بويىچە، دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلسا بولىدىغان ئاخۇن، ئىمام، خاتىپ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**3- ماددا** ئىسلام دىنى خادىملىرى تۆۋەندىكى ئاساسلىق شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى لازىم:

(1) ۋەتەننى سۆيىدىغان، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئەمەل قىلىدىغان، دۆلەت بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان بولۇش؛

(2) ئىخلاسمەن-تەقۋادار، ئەقىدە-ئەھكامغا ئەمەل قىلىدىغان، پەزىلەتلىك دۇرۇس، بىر قەدەر يۇقىرى ئىسلامىي ئەخلاق تەربىيىلىنىشىگە ئىگە، ئىسلامىيەت ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەجانىدىل مۇلازىمەت قىلىدىغان بولۇش؛

(3) ئىسلام دىنى ئىنستىتۇت-مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ياكى مۇنتىزىم مەسچىت تەلىم-تەربىيىسىنى ئالغان ياكى شۇ دەرىجىلىك بىلىم قابىلىيەتكە ئىگە، قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە راۋان تىلاۋەت قىلالايدىغان، قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفنى چوڭقۇر، توغرا چۈشىنەلەيدىغان ھەم شەرھلەپ بېرەلەيدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكاملىرىغا ئائىت كىتابلاردىن پىششىق خەۋەردار، «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلىگەن، مەسچىتتىكى دىنىي پائالىيەتلەرگە ۋە مۇسۇلمان جامائەتنىڭ كۈندىلىك دىنىي تۇرمۇش، مۇراسىملىرىغا مۇستەقىل رىياسەتچىلىك قىلالايدىغان بولۇش؛

(4) تولۇقسىز ئوتتۇرىدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، مەلۇم ئەرەبچە سەۋىيىسى بار، دۆلەتنىڭ مىللەت ۋە دىنغا ئائىت قانۇن، نىزام، قائىدە ۋە سىياسەتنى ئىگىلىگەن بولۇش؛

(5) يېشى 22دىن يۇقىرى، تېنى ساغلام، ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش.

**4- ماددا** ئىسلام دىنى خادىملىرىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ.

**5- ماددا** ئىسلام دىنى خادىملىق سالاھىيىتىنى شەخس ئۆزى يازما ئىلتىماس قىلىدۇ، نوپۇسى ئورۇنلاشقان جايدىكى مەسچىتنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى تەۋسىيە قىلىدۇ، ھەممە شۇ يەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە يوللايدۇ.

**6- ماددا** ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەزكۇر چارىنىڭ 3-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئىلتىماس قىلغۇچى شەخسنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، شەرتكە لايىق بولغىنىنى يىغىپ ئىمتىھان بېرىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئىمتىھان يازما ئىمتىھان ۋە يۈز تۇرانە ئىمتىھان دەپ ئايرىلىدۇ، ئىمتىھان سوئاللىرى دائىرىسى ۋە ئۆلچىمى مەزكۇر چارىنىڭ 3-ماددىسىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك.

مەزكۇر چارە يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى مەسچىتتە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان، يېشى 50تىن ئاشقان، مەزكۇر چارىنىڭ 3-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلاردىن ئىمتىھان ئېلىنمىسىمۇ بولىدۇ.

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئېچىلغان ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار ئەگەر ئىسلام دىنى خادىملىق سالاھىيىتىگە ئىلتىماس قىلسا، ئۇلاردىن يازما ئىمتىھان ئېلىنمىسىمۇ بولىدۇ.

**7- ماددا** ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان ياكى مەزكۇر چارىنىڭ 6-ماددا 2-، 3-تارمىقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئىمتىھان ئېلىنمىسىمۇ بولىدىغانلارنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بېكىتىدۇ ھەم خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىسلام دىنى خادىملىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

**8- ماددا** مەزكۇر چارە يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بېكىتكەن دىنىي خادىملار، ئومۇمەن، قايتىدىن مەزكۇر چارىدە بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بېكىتىلمەيدۇ، ئەمما «دىن ئىشلىرى نىزامى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى خەلق

ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى كېرەك. ئەنگە ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئىسلام دىنى خادىملىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىدۇ.

**9- ماددا** ئىسلام دىنى خادىملىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئىسلام دىنى خادىمىنىڭ سالاھىيەت ئىسپاتى بولۇپ، ئۇنى ساختا ياساشقا، ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىشكە، ئۆتنە ئېلىپ بېرىشكە، ئارىيەت بېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر گۇۋاھنامە بۇزۇلۇپ كەتسە ياكى يوقاپ كەتسە، ۋاقتىدا ئىلتىماس قىلىپ تولۇقلاپ بېجىرىش لازىم. گۇۋاھنامىنىڭ نۇسخىسىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈپ چىقىدۇ.

**10- ماددا** ئىسلام دىنى خادىمىدىن مەسچىتتە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلارنى شۇ مەسچىت ئورۇنلاشقان جايدىكى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەسچىتنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ئالاقىدار قائىدە-تۈزۈم بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ؛ ئىسلام دىنى خادىملىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلەردىن مەسچىتتە دىنىي ۋەزىپە ئۆتىمىگەنلەرنى ئۇنىڭ نوپۇسى ئورۇنلاشقان جايدىكى ئىسلام جەمئىيىتى ئالاقىدار قائىدە-تۈزۈم بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ.

**11- ماددا** ئىسلام دىنى خادىمىدا تۆۋەندىكىدەك قىلمىشلاردىن بىرەرسى سادىر بولسا، قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتكەن ئىسلام جەمئىيىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا نەسىھەت قىلىش، دىنىي خادىملىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىش، دىنىي خادىملىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كۈچىدىن قالدۇرۇش جازاسى بېرىدۇ:

(1) ئەقىدە-ئەھكامغا خىلاپ ئىش قىلىپ ياكى ئاھانەت كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان جامائىتى ئىچىدە يامان تەسىر پەيدا قىلغان؛

(2) ماجىرا پەيدا قىلىپ ياكى باشقا ۋەقە تۇغدۇرۇپ، دىنىي ئىناقلىق ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن؛

(3) پەزىلىتى دۇرۇس بولمىغان؛

(4) دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزام، قائىدە ۋە سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغان.

دىنىي خادىملىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى كۈچىدىن قالدۇرۇلۇش جازاسى بېرىلگەنلەرنى ئەسلىدە ئەنگە ئالغان خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىغا يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

**12- ماددا** ئىسلام دىنى خادىمىنىڭ دىنىي خادىملىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ۋاقىتلىق تۇتۇپ قېلىنغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن تۆۋە قىلىش ئىپادىسى كۆرۈلسە، ئۆزى تۆۋەنامە سۇنغاندىن كېيىن ئەسلىدە جازا بېرىش قارارىنى چىقارغان ئىسلام جەمئىيىتى ئۇ جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارى چىقىرىپ ئۇنىڭ دىنىي خادىملىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

**13- ماددا** ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قەرەللىك ھالدا ئۆز جايىدىكى ئىسلام دىنى خادىملىرى سالاھىيىتىنى بېكىتىش ئەھۋالىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە دوكلات قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

**14- ماددا** ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، مەزكۇر چارىگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنى خادىملىرى سالاھىيىتىنى بېكىتىشنى كونكرېت يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ.

**15- ماددا** ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەسىس قىلىنمىغان رايونلاردىكى ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ.

**16- ماددا** مەزكۇر چارىنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە بولىدۇ.

**17- ماددا** مەزكۇر چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى

(2006-يىل 5-ئاينىڭ 12-كۈنى جۇڭگو ئىسلام دىنى 8-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان. 2006-يىل 8-ئاينىڭ 7-كۈنى ئېلان قىلىندى)

**1- ماددا** ئىسلام دىنى خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش ۋە باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، نورمال ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىسلام دىنى خادىملىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش مەقسىتىدە، «دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكامى ھەم ئەنئەنىسىگە ئاساسەن مەزكۇر چارە تۈزۈپ چىقىلدى.

**2- ماددا** مەزكۇر چارىدە ئېيتىلغان ئاساسلىق دىنىي خادىملار — قانۇن بويىچە تىزىمغا ئېلىنغان مەسچىت ياكى باشقا مۇقىم ئىسلام دىنى پائالىيىتى ئورۇنلىرىدا دىنىي پائالىيەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئاخۇن، ئىمام، خاتىپ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**3- ماددا** ئاساسلىق دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارغا قارىتا تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش ئوبيېكتىسى «ئىسلام دىنى خادىملىرى سالاھىيىتىنى

بېكىتىش چارىسى» بويىچە بېكىتىلگەن دىنىي خادىملار بولۇپ، تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش خىزمىتىگە ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسئۇل بولىدۇ.

**4- ماددا** ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى دېموكراتىك كېڭەشىش ھەم شۇ مەسچىت جامائىتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئاساسىدا تەكلىپ قىلىپ تەيىنلىيدىغان نامزاتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇ سورۇن تۇرۇشلۇق جايدىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تەكلىپ قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

**5- ماددا** ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى بىلەن تەكلىپ قىلىنغۇچى ئىككى تەرەپ تەكلىپ قىلىنىش كېلىشىمى ئىمزالىشى، كېلىشىمنامىدە ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇق، مەجبۇرىيىتى ئېنىق بەلگىلىنىشى لازىم. تەكلىپ قىلىنىش مۇددىتىنى ئىككى تەرەپ كېڭەشىپ بېكىتىدۇ، تەكلىپ قىلىنىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، تەكلىپ قىلىنىش مۇددىتىنى ئۇزارتسا بولىدۇ، ئۇزارتىش تەرتىپى مەزكۇر چارىنىڭ 4-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىدۇ.

**6- ماددا** ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنىغا تەكلىپ قىلىنىپ تەيىنلەنگەن ئاساسلىق دىنىي خادىم، «دىن ئىشلىرى نىزامى»دىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن، شۇ جايدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىغا يوللىنىپ ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى كېرەك.

**7- ماددا** ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ئاساسلىق دىنىي خادىمنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەشتە، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن بولۇش، يېقىن يەردىن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ھەقىقەتەن باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەردىن تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش زۆرۈر بولسا، مەزكۇر چارىنىڭ 4-، 5-، 6-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئادا قىلىشتىن سىرت، يەنە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

**8- ماددا** ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**9- ماددا** تەكلىپ قىلىنغۇچى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكامى ۋە ئەنئەنىسى بويىچە، جەمئىيەت ۋە شەخسلەرنىڭ سەدىقە قاتارلىق ئىئانىلىرىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

**10- ماددا** تەكلىپ قىلىنغۇچى ئۆز سورۇنىدىكى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن، ئۆز ئورنىدىكى ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ۋەز-تەبلىغ سۆزلەش، رامزانلىق ئەمەل-ئىبادەتلەرنى قىلىش ھەمدە دىنىي ئايىملىك دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ؛ تەكلىپكە بىنائەن مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇش، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم قاتارلىق پائالىيەتلىرىدىكى دىنىي مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

**11- ماددا** تەكلىپ قىلىنغۇچى كېلىشىمدە بەلگىلەنگىنى بويىچە مەسئۇلىيىتىنى نورمال ئادا قىلىۋاتقان بولسا، شۇ سورۇننىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ئۇنى خالىغانچە بوشىتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

**12- ماددا** تەكلىپ قىلىنغۇچىدا تۆۋەندىكىدەك قىلمىشلاردىن بىرەرسى سادىر بولسا، شۇ سورۇن دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى ئۇنىڭ قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا نەسىھەت قىلىدۇ، ۋەزىپىدىن بوشىتىدۇ:

(1) ئەقىدە-ئەھكامىغا خىلاپ ئىش قىلىپ ياكى ئاھانەت كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمان جامائىتى ئىچىدە يامان تەسىر پەيدا قىلغان؛

(2) ماجىرا پەيدا قىلىپ ياكى باشقا ۋەقە تۇغدۇرۇپ، دىنىي ئىناقلىق ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزگەن؛

(3) تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان؛

(4) پەزىلىتى دۇرۇس بولمىغان؛

(5) دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزام، قائىدە ۋە سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغان.

ۋەزىپىدىن بوشىتىش قارار قىلىنىش ۋاقتىدا، مەزكۇر مەسچىت جامائىتىنىڭ پىكرىنى تولۇق ئاڭلاش، شۇ جايدىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش ھەمدە ئەسلىدە ئەنگە ئالدۇرغان خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك.

**13- ماددا** ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەزكۇر چارىگە ئاساسلىنىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەشنىڭ كونكرېت يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ.

**14- ماددا** مەزكۇر چارىنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە بولىدۇ.

**15- ماددا** مەزكۇر چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# تەپەككۇر بىلەن ئىبادەتنىڭ بىردەكلىكى

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەقىدە ئىنسانىنىڭ فىترىتى(تۇغما ئالاھىدىلىكى) بولغاچقا، ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولۇپ تا ھازىرغىچە ئەقىدىدىن بىردەممۇ ئايرىلالمىدى، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھايات مەشغۇلىيەتلىرى ئىنساننى ھەرخىل كويلارغا سېلىپ بەزىدە ئۇنى ئەقىدە ھەققىدە ئويلىنىشتىن يىراقلاتقاندەك تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇ، ھايات تەشۋىشلىرىدىن، ھايات ئىزتىراپلىرىدىن ئەمىن تاپقۇزىدىغان ئىنسانىنىڭ بىرلەمچى ئېھتىياجى بولغان بۇ روھىي ئوزۇققا تەلپۈندى ھەم ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئېلىپ كەلدى. بۇ روھىي ئوزۇق دەل ”**ئاللاھنىڭ دىنىغا(ئەگەشكىنكى) ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ...**“ {سۈرە«رۇم»(30 ـ سۈرە)، 30 ـ ئايەت} دېگەن ئايەتتىكى فىترەتتۇر. بۇ ئايەتتىكى ”دىن“سۆزى ئەرەبچىدىكى”فىترەت“ سۆزىنىڭ كۆچمە مەنىسىنىڭ تەرجىمىسىدۇر. ”**ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان**“ دېگەن جۈملىنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئىنسان تۇغۇلۇشىدىلا ئىسلام دىنىنىڭ ساپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان تەبىئىي خاراكتېر بىلەن يارىتىلغان، دېگەنلىك بولۇپ، ئۆزىدە تۇغما خاراكتېر ۋە تۇغما ئېھتىياج قىلىنىپ يارىتىلغان فىترەت(دىن)نى ئىزدىگەن، ھەمدە ئۆزىنى ئەسلىي خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان تەبىئىي ئېھتىياج بىلەن قاندۇرغان ئىنسان ئۇنىڭدىن شىپا تاپىدۇ، ئۇنىڭدىن شىپا تاپقان ئىنسان ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتى ھەققىدە ئويلىنىدۇ. بۇ خىل تىپتىكى ئىنسان ئەلۋەتتە، ھەربىر تىنىق بەدىلىگە تەپەككۇر قىلىپ ياشايدۇ. مانا بۇ، ئۇنىڭ ياراتقۇچى تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن ئەقىل نېمىتىگە قايتۇرغان شۈكرانە جاۋابى.

ھەربىر تىنىق بەدىلىگە تەپەككۇر قىلىپ ياشاپ ئىنسانىي ئىزگۈلۈكىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى ياراتقان، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھەققانىي فىكرەت ۋە گۈزەل خىسلەت بىلەن ئۈلگە بولغان ئىنسان ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇ ۋەھيى ئىلاھىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەپەككۇرنى ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

چۈشەنگەن، ھەممە تەپەككۇرنى ئىبادەت دەرىجىسىگە، ھەتتا ئىبادەتنىڭ مەقبۇل بولۇشىنىڭ شەرتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئىبادەتنى تەپەككۇر بىلەن بىردەك گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇممەتكە ھەقىقەتنى ئىزدەشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن. قانداقتۇر، ئۇ قارىغۇلارچە ياكى شائىرانە ھېسسىيات ۋە گۇمانىي تۇيغۇ بىلەن تەپەككۇر قىلىپ ئىبادەت قىلمىغان. ئۇ ۋەھيى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئاللاھنىڭ ئۇنى كىشىلەر ئىچىدىن پەيغەمبەر قىلىپ تاللىۋېلىش ئىرادىسىگە ماس ھالدا، كائىنات ھەققىدە ئويلانغان ھەممە شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ دىنىي چۈشەنچىلىرى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ چۈشكۈن ۋە باتىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ھەقىقەتكە ناھايىتى تەشنا بولغان، ئۇ ئۆزى تەشنا ھەقىقەتنى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىتابلىرىدىن ياكى شائىرلارنىڭ قەسىدىلىرىدىن، دىۋانلىرىدىن ئىزدىمەي، بەلكى ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىتتىن، كائىناتتىن ئىزدىگەن. ئۈستىگە قارىسا ئاسمان بار، ئاستىغا قارىسا زېمىن بار، ئەتراپىغا قارىسا تاغ-دەريالار، قۇم-چۆللۈكلەر بار. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مانا بۇلار ھەققىدە ئويلىنىپ، پۈتۈن مەۋجۇدىيەتكە ئالاقىدار بولغان بارلىق شەيئىلەر ئىچىدىن ھەقىقەتنى شۇنداقلا كائىناتتىن ئۈستۈن ھەقىقەتنى ئىزدىگەن.

سەئىيد ئىبنى ئەبۇ مەريەم ئىمام بۇخارىغا ئېيتىپ بەرگەن ھەدىستە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ھامام مەيمۇنەنىڭ يېنىدا قونۇپ قالغاندىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى بىلەن بىر ھازا مۇڭداشقاندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى. تۈن نىسپىدىن ئازراق ئۆتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ: "**شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 190-ئايەت} دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. **ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدى، (تاھارەت) مىسۋاك ئىشلەتتى، ئاندىن 11 رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئاندىن بىلال ئەزان ئېيتقاندىن كېيىن (مەسچىتكە) چىقىپ** بامدات(پەرزى)نى ئوقۇدى" (بۇخارى توپلىغان).

مەزكۇر ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ئايەتكە قوشۇپ سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)نىڭ ئاخىرقى 10 ئايىتىنى ئوقۇغانلىقى بايان قىلىنغان. بىز بۇ يەردە يۇقىرىقى ئايەتكە قوشۇپ 4 ئايەتنى نەقىل ئالىمىز.

**شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): "پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) 'رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار' دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلار قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن...".**

——سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 190—193-ئايەتلەر

مەزكۇر ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "**شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا ۋە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 190-ئايەت} دېگەن ئايەتتىن كېيىن مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: "**ئى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمدە نۇر قىلغىن، قۇلىقىمدىمۇ نۇر قىلغىن، كۆزۈمدىمۇ نۇر قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمدىمۇ نۇر قىلغىن، سول تەرىپىمدىمۇ نۇر قىلغىن، ئالدىمدىمۇ نۇر قىلغىن، كەينىمدىمۇ نۇر قىلغىن، ئۈستىمدىمۇ نۇر قىلغىن، ئاستىمدىمۇ نۇر قىلغىن، قىيامەت كۈنىمۇ ماڭا نۇرنى كاتتا قىلغىن!**" (بۇخارى توپلىغان).

بىز يۇقىرىقى ئايەت ـ ھەدىسلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ يۇقىرىقى ئايەت ـ دۇئالارنى ئوقۇغانلىقىنى، ئاندىن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ، بىزگە شۇنداق بىر تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ ئۆزىدىن ھالقىشى، ئاندىن پىكىر ـ نەزىرىنى ـــ قارىسا، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئوپ ـ ئوچۇق كۆرۈنىدىغان ـــ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاسمان جىسىملىرى، ئاتموسفېرا، ھاۋا قاتلاملىرى، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىش قانۇنىيەتلىرى، يەر يۈزىدىكى تاغۇ ـ دەريالار، دېڭىز ـ ئوكيانلار، ئېدىر ـ تۆپىلىكلەر، قۇملۇق ـ بوستانلىقلار، مەدەن، بايلىقلار، ھايۋانات...... قاتارلىق بىھېساب يارالمىلارغا ئاغدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى ئويغىتىپ ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ كائىناتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى، شۇ ئارقىلىق ئاشۇ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ كائىناتنى بىكار ياراتمىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە سەجدە قىلىشى كېرەك.

سەھەر ۋاقتى بىر كۈننىڭ ئەڭ خاسىيەتلىك، ئەڭ بەرىكەتلىك ھالقىسى، شۇنداقلا دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئەڭ ياخشى پەيتلەرنىڭ بىرى. بىر كۈننى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈش ـ ئۆتكۈزمەسلىك بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتۇش ـ تۇتماسلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. سەھەرنى قولدىن بېرىپ قويىدىغانلار ھەقىقىي ئارىق سانالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە ھەرقانداق ئىلمىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلىرى بۇ قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يالغۇز ئىلمىي ئەمگەكلەردە مۇشۇنداق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جىسمانىي ئەمگەكلەردىمۇ شۇنداق. بىر كۈنگە نىسبەتەن سەھەر تۇرمايدىغان كىشىلەر ئىچىدىن ھىدايەتلىك ئالىم چىقمايدۇ. سەھەر كىشىگە سۇزۇك پىكىر، يېڭى ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، تەپەككۇر بىلەن ئىبادەتنىڭ بىردەكلىكى ئۇقۇمىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھەر تۇرۇپ مۇناسىۋەتلىك ئايەت، دۇئالارنى ئوقۇغاندىن كېيىن تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغانلىقىدىن، پەقەت نامازلا ئىبادەت سانىلىدۇ، دەپ قارالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئىبادەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىسلامنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتىنى يەنىلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھەر تۇرۇپ ئوقۇغان مەزكۇر ئايەتتىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ:

**ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ.**

ـــ سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **191** ـ ئايەت

بۇ ئايەتتىكى ”ئەسلەش“ سۆزى ئەرەبچىدىكى ”زىكرى“ سۆزىنىڭ تەرجىمىسىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش زىكرىدۇر. تەپەككۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئەمەللەر ئىبادەت دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى نەرسىلەر ۋە كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىكى قانۇنىيەتلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىل ساھىبلىرىغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىكى ۋە كېچە ـ كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىكى ئالامەتلەر ھەرقاچان ئاياندۇر. بۇ خىل كىشىلەر ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، ياتقان چاغلىرىدىمۇ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئىختىيارسىز ھالدا، ھەقىقىي قورققۇچى، مۇتەپەككۇر ئارىفنىڭ سەممىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ” **پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن**“ {سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، **191** ـ ئايەت} دېگەن دۇئا بىلەن پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم كىشىلەرنىڭ كۆز، قەلب ۋە نەزىرىنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈ يېپيېڭى سەھىپىلىرىگە قارىتىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىر سەھىپىسىدىكى يارقىن ئالامەتلەرنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر قەلبىدە ئۆزىنىڭ يارقىن سەھىپىلىرىدىكى ھەقىقەتلەرنى تونۇيالايدىغان ساغلام ئىدراكنى يېتىلدۈرۈپ ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىغا شۈكرانە جاۋاب

قايتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ساغلام ئەقىل، ساغلام ئىدراك ساھىبلىرى ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئالامەت ـ مۆجىزىلىرىگە يۈزلىنىشكە كۆزلىرىنى ئاچالايدۇ. كۆزلىرى بىلەن مۆجىزىلەر ئارىسىدا توساق پەيدا قىلمايدۇ، ھەمدە كۆزلىرى بىلەن مۆجىزىلەر ئارىسىدىكى كۆزنەكلەرنى تاقىۋالمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ ھەتتا ياتقاندىمۇ ئاللاھ تائالاغا ھۇزۇرى دىل بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ. مانا مۇشۇنداق سۈپەتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ھەقىقىي ئېچىلىپ، ئەقىل ئىدراكلىرى ئويغىنىپ ئاللاھ تائالا كائىناتقا قويغان ھەقىقەتلەرگە يېتەلەيدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەرگە ئۆز مەۋجۇدىيەتلىرىنىڭ غايىسى، سەۋەبى، ئۆزلىرىنىڭ فىترەت(ئاللاھ ياراتقان ئەسلىي تەبىئەت ـ دىن) ئاساسى ئايان بولىدۇ. بۇنداق ئايانلىق پەقەت ئىنسان قەلبى بىلەن مەۋجۇدىيەت سىرلىرى ئارىسىنى چاتىدىغان ئىلاھىي تەپەككۇر رىشتىسى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق يۈكسەكلىك پەقەت ئىبرەت قەلبىمۇ، ئىبرەت كۆزىمۇ، ئىبرەت قۇلىقىمۇ نۇرلۇق بولغان، ھەتتا پۈتۈن ئەتراپى نۇر بىلەن ئورۇلۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى ھىدايەت نۇرىغا چۆمۈلگەن ئەقىل ساھىبلىرىغا نېسىپ بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

**شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا ۋە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار**”{سۈرە«ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، 190 ـ ئايەت}دېگەن ئايەتتىن كېيىن، ” **ئى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمدە نۇر قىلغىن، قۇلىقىمدىمۇ نۇر قىلغىن، كۆزۈمدىمۇ نۇر قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمدىمۇ نۇر قىلغىن، سول تەرىپىمدىمۇ نۇر قىلغىن، ئالدىمدىمۇ نۇر قىلغىن، كەينىمدىمۇ نۇر قىلغىن، ئۈستىمدىمۇ نۇر قىلغىن، ئاستىمدىمۇ نۇر قىلغىن، قىيامەت كۈنىمۇ ماڭا نۇرنى كاتتا قىلغىن!** “(بۇخارى توپلىغان)دەپ دۇئا قىلغانلىقىدىن چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن.

ئىنسان ئالدى بىلەن كۆزىنى، ئاندىن قەلبىنى، ئاندىن تەپەككۇرنى ئاسمان، زېمىننىڭ يارىتىلىشىدىكى ۋە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىكى كۆرۈنۈشكە ئاچىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆزى تۇنجى قېتىم ئاشۇ نەرسىلەرنى ۋە ئۇنىڭدىكى نۇقسانسىز قانۇنىيەتلەرنى ھېس قىلىپ ھەيران قالىدۇ، ئاخىرىدا بۇنداق ئاجايىپ خەلقەت(يارىتىش)نىڭ ئارقىسىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىلنىڭ بارلىقىنى ۋە ھەرگىز خىلاپلىق قىلىنمايدىغان قانۇنىيەتنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئومۇمەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەلىم(ھەممىنى بىلگۈچى)، ھەكىم(ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى)، رەززاق(رىزىق بەرگۈچى) ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. يەنى پۈتۈن كائىنات ئىچىدىن ئۆزىنى مىسال قىلىپ تەپەككۇر قىلغان ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاناتومىيىلىك قۇرۇلمىسىغا ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە نەزەر سالىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئىسپېرما ھالىتىدىن تۇغۇلغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى تەربىيەت تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھەممىنى بىلگۈچى، ھەرقانداق ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، ھەرقانداق ھاياتلىققا رىزىق بەرگۈچى، ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى قۇدرەتلىك يېگانە زاتنىڭ پەيدا قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇنى قالايمىقان، بىكار، ئەھمىيەتسىز ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن تەرتىپ ـ قانۇنىيەتلەر ۋە ھېكمەتلەر بىلەن ياراتقانلىقى، ئۇنى يارىتىپ قويۇپ تاشلىۋەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭغا رىزىق بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ رىزىق بېرىپ ئۇنى پەقەت يەيدىغان، چىقىرىدىغان جاندارلار قىلىپ قويماستىن، يەنە ئۇنىڭغا ئەقىلدىن ئىبارەت بىر خىل ھىدايەتنى بەرگەنلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئاندىن تۇغۇلغان ھەربىر جان ئىگىسى تۇغۇلۇپلا ئانىسىنى ئېمىدۇ. بىر بوۋاقنى مىسالغا ئالساق، ئۇ ھەرگىز باشقا نەرسىنى ئەمەي دەل ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئېمىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا بەرگەن ۋەھيىدىن باشقا، يەنە بىر ھىدايىتى.

قۇرئان كەرىمدىكى بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ئەقىل ساھىبلىرىغا پۈتۈن كائىناتنىڭ ھەرىكەتلىنىشى، ئاسمان، زېمىننىڭ يارىتىلىشى ۋە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەرگە يۈزلىنىش پەيدا قىلغان روھىي غىدىقلىنىش، روھىي تەۋرىنىش ۋە روھىي ھەرىكەتلىنىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى سۈرەتلەپ

بېرىدۇ. بۇ خىل سۈرەتلەش ئۆز نۆۋىتىدە تەرغىبىي تەسۋىر بولۇپ، ئۇ، قەلبلەرنى كائىناتقا مۇئامىلە قىلىشتا توغرا ئىدىيە، توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. كائىناتتىن ئىبارەت ھەممىگە ئوچۇق بۇ كىتابنى ئاللاھنى ۋە ئۇ ياراتقان مەخلۇقاتنى تونۇيدىغان مۆمىن ئىنسان ئۈچۈن مەرىپەت كىتابى قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل تەسۋىر ئالدى بىلەن قەلبنىڭ ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا يۈزلىنىشنى تەرتىپلىك بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ خەلقى(يارىتىشى ۋە يارالمىسى) ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ماھىيەتتە كائىناتنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدۇر ۋە كائىنات ناملىق بۇ كىتابنىڭ ۋاراقلىرىنىڭ ئۆرىلىشىدۇر. مانا بۇ ئاللاھنى ياد ئېتىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئالامەت ـ مۆجىزىلىرىنىڭ ھەقىقىتى پەقەت ئاللاھ تائالانى ھەرقاچان ياد ئېتىدىغان ۋە كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىدىغان قەلبلەرگە زاھىر بولىدۇ.

تەپەككۇر ـ ئېتىقاد، شۇنداقلا ئىبادەتنىڭ جېنى، تەپەككۇرسىز ئېتىقاد ۋە ئىبادەت گويا روھسىز تەنگە ئوخشايدۇ. ئېتىقاد ۋە ئىبادەتنىڭ قىممىتى دەل تەپەككۇردا. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:

**ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.**

ـــ سۈرە «يۇسۇف»(12 ـ سۈرە)، **105** ـ ئايەت

**شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ.**

ـــ سۈرە« مائۇن»(107 ـ سۈرە)، **4**ـــ**5** ـ ئايەتلەر

دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ زاتىنى، سۈپەتلىرىنى، تەقدىرىنى، ئالامەت ـ مۆجىزىلىرىنى كۆرسىتىدىغان مەخلۇقاتلىرىغا ئىبرەت تەپەككۇرى بىلەن قارىمايدىغان، بۇ خىل تەپەككۇرنى ئىبادەت بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرمەيدىغان، غاپىللىق بىلەن ناماز ئوقۇيدىغانلارنى ئەيىبلەيدۇ. "**ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) 'پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن'** "{سۈرە« ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، **190** ـ ئايەت} دېيىش ئارقىلىق ئىبادەت بىلەن تەپەككۇرنى بىر گەۋدە، دەپ تونۇغان ئارىفلارنى مەدھىيىلەيدۇ، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەپەككۇرنىڭ ئىبادەتتىكى ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقىنى، قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئىبنى ئابباسنىڭ: "تەپەككۇر بىلەن ئوقۇلغان قىسقا ئىككى رەكئەت ناماز، غەپلەت بىلەن بىر كېچە ئوقۇلغان نامازدىن ياخشى"(«ئىبنى كەسىر»دىن) دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ.

ئىسلام دىنى كائىنات ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشنى پەقەت نوقۇل ھالدىكى ئاسترونومىيىلىك ئىزدىنىش جەريانى، دەپ تەبىرلىمەستىن، بەلكى بۇ بىر خىل ۋاستە، بۇ ۋاستە ئارقىلىق كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇش جەريانى ۋە بۇ خىل تونۇش ئارقىلىق كائىناتقا توغرا مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ئېكىلوگىيىسىنىڭ مۇۋازىنىتىنى ساقلاش جەريانى، دەپ قارايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامنىڭ مەقسىتى پەقەت كائىنات ھەققىدىكى بىلىملەر بىلەنلا تونۇشۇش بولماستىن، بەلكى كائىنات ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاملى ھەققىدە نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال قويۇش ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب تېپىش ۋە شۇ جاۋابنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھەرىكەت قىلىشتۇر. مانا مۇشۇ خىل مەقسەتتە ئىزدەنگۈچى ئىنسان ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي مۇتەپەككۇر ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئۆلۈم ھېكمىتىدىن ئاخىرەت ھەقىقەتلىرىگىچە*

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)



**قىيامەتنىڭ ۋاقتى ۋە ئالامەتلىرى**

قىيامەت كۈنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن رەۋىشتە چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىش ئىماننىڭ مۇھىم تەركىبلىرىنىڭ بىرى، يەنى ئۇ ئىنساننىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قىيامەت كۈنىدە قايتا تىرىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا دۇنيادىكى ئەمەللىرىدىن بىرمۇبىر ھېساب بېرىشىنى ۋە ئەمەللىرىگە يارىشا دوزاخ ياكى جەننەت ئەھلىدىن بولۇپ، مەڭگۈ ياشايدىغانلىقىغا ئىمان ئېيتىشىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنى ئىنكار قىلغان ئادەم كۇپرىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە قىيامەت كۈنى ھەققىدە نۇرغۇن ئايەتلەر كەلگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بەندىلەرنى قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىدە، يەنە بەزىلىرى قىيامەت كۈنىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىش، بەزىلىرى قىيامەتنىڭ شەكسىز كېلىدىغانلىقىنى تەكىتلەش مەنىسىدە كەلگەن.

قىيامەتنىڭ قۇرئاندا يوم الواقعة، القارعة، الغاشية، الحاقة، الطامة، الصاخة، الرادفة دېگەندەك تۆرلۈك ئىسىملار بىلەن ئاتالغانلىقىنىڭ ئۆزى قىيامەتنىڭ ئاللاھنىڭ ھېسابىدىكى، بەندىلەرنىڭ ھايات يېشىمىدىكى ئەھمىيىتىنىڭ چوڭلۇقىنى دەلىللەيدۇ.

قىيامەتنىڭ ۋاقتى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن مەخپىي قالدۇرغان، ئۆزىگە خاس غەيب ئىلمىدۇر. قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەرمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورىغۇچىلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىشنى بۇيرۇيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئېيتقىنكى: "ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگارىم (ئاللاھ) بىلىدۇ. ئۇنى پەقەت ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقتىتا مەيدانغا چىقىرىدۇ، قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر). ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ".**

—سۈرە «ئەئراف» (7 ـ سۈرە)، 187 ـ ئايەت

---

*باش قىسمى ئۆتكەنكى ساندا

شۇڭا ھەر قانداق كىشىنىڭ قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى قىياس ـ ئۆلچەملىرى، ھېسابلىرى يالغانچىلىقتۇر. ئېنىق بىر ۋاقىتنى بېكىتىش ئۈچۈن ئىزدىنىشمۇ قۇرئان بىزگە بۇيرۇغان، رەسۇلۇللاھ تەۋسىيە قىلغان مەنھەجگە خىلاپ بىھۇدە ئىشتۇر. بەندىلىك سالاھىيىتىمىز بىلەن بىزگە ئايان بولغىنى قىيامەت كىشىلەر بىخەۋەر تۇرغان ھالدا تۇيۇقسىز كېلىدۇ.

**ئۇلار (دۇنيادا سودا - سېتىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئۈستىدە) جاڭجاللىشىپ تۇرغان ھالەتلىرىدە، ئۇ ئاۋاز ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ.**

—— سۈرە «ياسىن» (36 ـ سۈرە)، 49 —— 50 ـ ئايەتلەر

ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئادەملەردىن مەخپىي قالدۇرۇشى ھەممىنى بىلگۈچى پەرۋەردىگارنىڭ ھېكمەتلىرىدىندۇر. ئۇستاز سەييىد قۇتۇپ بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان: "نامەلۇملۇق ئىنسانىيەت ھاياتىنى ۋە ئىنسان پسىخىكىسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم بىر ئامىل. ئىنسان ئۈچۈن ھاياتتا چوقۇم ئاقىۋەتنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، قىزىقىدىغان بىر مەجھۇللۇق بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ئاشكارا، ئېنىق بولۇپ كەتسە، ئىنساننىڭ ھازىرقى پسىخىكىسىدا ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىزدىنىشلىرى، پائالىيەتلىرى بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ. ئىنسان ياخشىلىققا ئېرىشىش ئارزۇسىدا ئۆزىگە نامەلۇم ئاشۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ، تىرىشىدۇ، ئۈمىد باغلايدۇ، سىناپ باقىدۇ. مانا بۇ جەرياندا ئۆزى ۋە كائىناتتىكى يوشۇرۇن بايلىقلارنى بايقايدۇ. قاچان كېلىشى نامەلۇم ھېسابتىن قورقۇش ئۇلارنى ھەر دائىم توغرا يولغا باشلايدۇ".

ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى مەخپىي قالدۇرغان بىلەن ئۇنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ۋە قىيامەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەن:

**كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىنىدىغان ۋاقىت (يەنى قىيامەت) يېقىنلاشتى. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەتتىدۇر، (قىيامەت توغرىلىق ئويلىنىشتىن) يۈز ئۆرۈمەكتىدۇر.**

—— سۈرە «ئەنبىيا» (21 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدىكى ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرنى تولۇپلاپ قارىغاندا، مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىسى، قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى، ئىككىنچىسى، قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى.

**كىچىك ئالامەتلەر:**

قىيامەتنىڭ بۇ كىچىك ئالامەتلىرىنى كۆرۈلگەن ۋاقىت ئېتىبارى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بۆلگىلى بولىدۇ:

**1. ئىلگىرى يۈز بېرىپ كۆرۈلگەن ئالامەتلەر:**

1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىشى ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىشى قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " '**مەن پەيغەمبەرلىككە ئەۋەتىلگەن ۋاقىتتىن قىيامەتكىچە بولغان ۋاقىتنىڭ ئارىلىقى مۇشۇ ئىككى بارمىقىمنىڭ ئارىلىقىغىچىلىك يېقىن**' دېگەچ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسەتتى"(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

2) ئاينىڭ يېرىلغانلىقى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئاي يېرىلغان بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا مۆجىزىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاندا ئاينىڭ يېرىلىشى قىيامەتنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى، (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ "داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر" دېيىشىدۇ.**

—— سۈرە «قەمەر» (54 ـ سۈرە)، 1 —— 2 ـ ئايەتلەر

«تەپسىر ئىبنى كەسىر»دە سۈرە «قەمەر»نى شەرھلىگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئاينىڭ يېرىلغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەرنى دەلىل كەلتۈرگەن. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئاي يېرىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ، بىر پارچىسى تاغنىڭ ئۈستىدە، يەنە بىر پارچىسى تاغنىڭ تۆۋىدە تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‘ئەنە كۆرۈڭلار’، دېدى“ (بۇخارى توپلىغان).

3) ھىجاز رايونىدىن بۇسرا تۆگىسىنىڭ بويىنىنى يورۇتالىغۇدەك چوڭ ئوتنىڭ چىققانلىقى قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ھىجاز رايونىدىن بۇسرا تۆگىسىنىڭ بويىنىنى يورۇتالىغۇدەك چوڭ ئوت چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ**“ (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەن بۇ ئالامەت ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئېيتقاندەك يۈز بەرگەن. ئىبنى كەسىر ۋە ئىمام شاھابىددىن ئەبۇ شامە كىتابلىرىدا بۇ ۋەقەنىڭ ھىجرىيىنىڭ 654 ـ يىلى يۈز بەرگەنلىكىنى تەپسىلاتلىرى بىلەن يازغان. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە ئىمام نەۋەۋى ھايات بولۇپ، ئۇ «شرح النووى على مسلم» كىتابىدا مۇنداق يازغان: ”بىزنىڭ زامانىمىزدا يەنى ھىجرىيىنىڭ 654 ـ يىلى مەدىنە شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ناھايىتى چوڭ ئوت كۆتۈرۈلدى. شام رايونى ۋە جەمىي يۇرتلاردا بۇ ھەقتە گەپ بولدى. مەدىنە ئەھلىدىن ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر ماڭا خەۋەر قىلدى“.

**2. ئىلگىرى كۆرۈلگەن، شۇنداقلا ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان ئالامەتلەر:**

1) ئۇرۇش ـ جېدەلنىڭ كۆپىيىشى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**تاكى ئۇرۇش كۆپەيمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ**“ دېۋىدى، ساھابىلەر: ”قانداق ئۇرۇش؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**ئۆلتۈرۈش، ئۆلتۈرۈلۈش**“ دەپ جاۋاب بەردى (مۇسلىم توپلىغان).

2) جاھالەتنىڭ يامراپ، ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: ”**ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، جاھالەتنىڭ يىلتىز تارتىشى، ھاراقلارنىڭ ئىچىلىشى، زىنانىڭ تارىلىشى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىشى، ئەرلەرنىڭ ئازىيىشى، ھەتتا ئەللىك ئايالنىڭ بىر ئەر كىشىگە قاراشلىق بولۇپ قېلىشى قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر**“ (بۇخارى توپلىغان).

3) ئەمەل تۇتۇشقا لايىق كەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىش بېشىغا چىقىشى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سورۇندا سۆز قىلىۋاتاتتى. بىر ئەئرابى كېلىپ: ”قىيامەت قاچان بولىدۇ؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گېپىنى قىلىۋەردى. سورۇندىكى بەزىلەر: ”رەسۇلۇللاھ ئەئرابىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى، ئەمما جاۋاب بېرىشنى خالىمىدى“ دېدى. يەنە بەزىلەر: ياق، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى تۈگىتىپ: ”**قىيامەتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا سورىغان ئادەم قېنى؟**“ دېدى. ئەئرابى: ”مانا مەن، رەسۇلۇللاھ“ دەپ ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**ئامانەت زايە بولۇپ كەتكەندە قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ**“ دېدى. ئەئرابى: ”ئامانەتنىڭ زايە بولۇشى قانداق؟“ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**ئەمەل تۇتۇشقا لايىق ئەمەس كىشىلەر ئىش بېشىغا چىققاندا قىيامەتنى كۈتكىن**“ دەپ جاۋاب بەردى(بۇخارى توپلىغان). شۇنداقلا يەنە ھەدىستە ئېيتىلغاندەك تېگى پەس، مەككار، ئەخمەق ئادەملەرنىڭ ھۆرمەتلىنىشى ۋە ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن بولۇپ سانىلىشىمۇ قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى.

4) قىيامەتنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يەنە تۈرلۈك ئالامەتلەر بولۇپ، بۇلار ھەدىسلەردە تارقاق ھالدا كەلگەن. بۇلارنى جەملىگەندە: دېدەك ئۆز خوجايىنىنى تۇغقاندا، چاقىرىقى ئوخشاش ئىككى چوڭ گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولمىغۇچە، يەر تەۋرەش ئاپەتلىرى كۆپىيىپ، زامانلار يېقىنلاشمىغۇچە(يەنى ۋاقىتلاردىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگۈچە)، پىتنە ـ پاسات، ئۇرۇش ـ جېدەل كۆپەيمىگۈچە، مال ـ دۇنيانىڭ كۆپلۈكىدىن مال ئىگىسى سەدىقە بېرىدىغان ئادەمنى تېپىشتىن غەم قىلىپ، بىرەرسىگە سەدىقە بەرسە ئۇ: ”مېنىڭ بۇنىڭغا ھاجىتىم يوق“ دېمىگۈچە، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ”كاشكى ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالسامچۇ“ دەپ ئارزۇ قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

**چوڭ ئالامەتلەر:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە بىر قانچە تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ساناپ ئۆتكەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) دۇخان يەنى ئاسماننى ئورىۋالىدىغان چوڭ تۈتۈن. ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ''بىز ئۆزئارا بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىۋاتاتتۇق. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ: 'سىلەر نېمە **ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىسىلەر؟'** دەپ سورىدى. بىز: 'قىيامەت ھەققىدە' دېدۇق. رەسۇلۇللاھ: **'تۆۋەندىكى 10 تۈرلۈك ئالامەتلەر كۆرۈلمىگۈچە قىيامەت بولمايدۇ'** دېدى ۋە بىرىنچى قىلىپ دۇخاننى ساندى''(مۇسلىم توپلىغان). ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئەبۇ سەئىد خۇدرى، ئىبنى ئابباس، ھەسەن بەسرى قاتارلىق چوڭ ساھابە ۋە تابىئىنلار «دۇخان»(44 ـ سۈرە) سۈرىسىدىكى: **''(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان(ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە(ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن. (ئۇ تۈتۈن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ. بۇ قاتتىق ئازابتۇر''** (10 ــ 11 ـ ئايەتلەر) دىكى''**تۈتۈن**'' پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئالغان چوڭ ئالامەتلەرنىڭ بىرى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە بۇ تۈتۈننىڭ مەغرىب، مەشرىقنى ئورىۋالىدىغانلىقى، زېمىندا 40 كۈن داۋاملىشىدىغانلىقى مۆمىنگە نىسبەتەن زۇكام تەگكەندەك بولۇپ، كۇففارغا بولسا تۈتۈن ئۇنىڭ بۇرنىدىن، ئىككى كۆزىدىن، قۇلىقىدىن، ئارقا يېشاب يولىدىن كىرىپ پۇۋۇلگەن شاردەك ئېسىلدۇرۇپ مەستەك قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

18

2) بىر تۈرلۈك ھايۋاننىڭ (دابة)مەيدانغا چىقىشى. يامانلىق كۆپىيىپ، پىتنە ـ پاساتلار تارقىلىپ، ياخشىلىق ئازايغان ئاخىرقى زاماندا ئاللاھ تائالا بىر تۈرلۈك ھايۋانني مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئۇ ھايۋان كىشىلەرگە ھەقنى سۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە«نەمل»(27 ـ سۈرە)دە بۇ ئالامەتكە ئىشارە قىلىپ مۇنداق دېگەن:

**ئۇلار (يەنى كۇففارلار)غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاب ۋە قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.**

ــــ سۈرە«نەمل»(27 ـ سۈرە)، 82 ـ ئايەت

مانا بۇ ئىنسانغا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكى، كىشىلەرگە قايسى رەۋىشتە سۆزلەيدىغانلىقى ئاللاھقا مەلۇملۇق. ئۇنىڭغا ئىشىنىش بىزگە پەرز، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە ئىزدىنىش بىھۇدىدۇر.

3) كۈننىڭ غەربتىن چىقىشى. بۇ قىيامەت بولۇش ئالدىدا ئاللاھ تائالا كائىنات ۋە ھاياتقا بېكىتكەن ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر. قۇرئاندا قىيامەتنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە كائىناتتا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر كەلگەن.

**ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ(قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ.**

ــــ سۈرە«ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 158 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتتىكى قىيامەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرى قۇياشنىڭ غەربتىن چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ دەپ شەرھلىگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''كۈن غەربتىن چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. كۈننىڭ غەربتىن چىققانلىقىنى كۆرگەندە كىشىلەر ھەممىسى ئىمان ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇلار ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغان ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىغان بولسا بۇ چاغدا ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ''** (بۇخارى توپلىغان).

4) دەججالنىڭ پەيدا بولۇشى.''دەججال'' سۆزى ئەرەب تىلىدا ''ھەقنى يالغان بىلەن يۆگىگۈچى ئالدامچى، كاززاپ'' مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قانچە ھەدىسلىرىدە قىيامەت يېقىنلاشقاندا مەشرىق تەرەپتىن بىر ئالدامچى دەججالنىڭ چىقىدىغانلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا يامغۇر ياغدۇرالايدىغان، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان،

قاقاس يەرلەرگە زىرائەت ئۈندۈرەلەيدىغان، يەر ئاستى بايلىقلىرىنى چىقىرالايدىغان كارامەت ئاتا قىلىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن دەججالنىڭ ئىلاھلىق داۋاسى قىلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلىقى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا دەججالنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ يەكچەشمە ئەمەس، ئاگاھ بولۇڭلار، دەججالنىڭ ئوڭ كۆزى قارىغۇ، ئۇنىڭ كۆزى خۇددى سۇدا لەيلەپ تۇرغان ئۈزۈمدەك پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان). ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"دەججال پەقەت مەككە ۋە مەدىنىدىن باشقا ھەممە جايغا ئاياغ باسىدۇ. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ ھەر بىر كوچىلىرىنى پەرىشتىلەر سەپ - سەپ بولۇپ قوغدايدۇ، كېيىن مەدىنە ئۈ يەردىكى كىشىلەرنى ئۈچ قېتىم تەۋرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ مەدىنىدىن دىنسىز ۋە مۇناپىقلارنى چىقىرىۋېتىدۇ"** (مۇسلىم توپلىغان).

5) ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى. قۇرئان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى خەۋەر بەرگەن قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى دەججالنىڭ پىتنىسى كۆچىيىپ، مۆمىنلەر قاتتىق قىسىلغان چاغدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرۈشى ۋە ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم يۈرگۈزىشىدۇر. سۈرە «نىسا»(4 ـ سۈرە) دا يەھۇدىيلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرەلمىگەنلىكى، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىيسانى تىرىك پېتى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق كەلگەن:

**يەنە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىيسا ئىبن مەريەمنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)، ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئىيسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۈبھە سېلىندى (ئىيسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى)، ئىيسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى) دە شۈبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى) نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ. ئۇلار ئىيسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى، بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى).**

ـــسۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 157ــــ 158 ـ ئايەتلەر

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكى سۈرە «زۇخرۇف» (43 ـ سۈرە)نىڭ 61 ـ ئايىتىدە ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"پەيغەمبەرلەر ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر، ئۇلارنىڭ ئانىلىرى باشقا، دىنى بىردۇر. مەن مەريەم ئوغلى ئىيساغا ئەڭ يېقىن تۇرىمەن. چۈنكى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدا باشقا پەيغەمبەر يوق. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشىدۇ. ئۇنى كۆرگەندە تونۇۋېلىڭلار، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرا بويلۇق، تېرىسى قىزىل بىلەن ئاقىقا مايىل كىشى، ئۇ بىر جۈپ رەڭلىك كىيىم كىيگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈرسە مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇ تامچىلىرى تۆكۈلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام بۇتلارنى چېقىپ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ. كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئاللاھ مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدە 40 يىل تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن ۋاپات بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرىدۇ"** (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

6) يەجۇج ـ مەجۇجلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى. ئاللاھ قۇرئاندا زامان ئاخىرىدا يەجۇج ـ مەجۇج دېيىلىدىغان سان جەھەتتىن ئىنتايىن كۆپ بىر قەۋمنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقى، ئۇلار يەر يۈزىدە پىتنە ـ پاسات تېرىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى، بۇ قىيامەت يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلغان:

**يەجۇج-مەجۇج (توسمىسى) ئېچىۋېتىلگەندە، ئۇلار**

**زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ. راست ۋەدە(يەنى قىيامەتنىڭ ۋاقتى) يېقىنلاشتى، ئۇ كۈندە كۇپپارلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالىدۇ.**

ــــسۈرە«ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 96ــ97 ـ ئايەتلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ يەجۇج ـ مەجۇج ھەققىدە خەۋەرلەر كەلگەن. زەينەپ بىنتى جەھىش رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇدىن يۈزلىرى قىزارغان ھالدا ئويغاندى ۋە: **’بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوق، ئەرەبلەرنىڭ ھالىغا ۋاي، چوڭ بالا-قازا كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۈگۈن يەجۇج - مەجۇجلەرنىڭ توساق تېمىدىن مۇنچىلىك ئېچىلىپ كېتىپتۇ‘** دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ھالقا قىلىپ كۆرسەتتى. مەن: ’ئى رەسۇلۇللاھ، ئەجەبا ئارىمىزدا ياخشى كىشىلەر بار تۇرۇقلۇق بىزمۇ بۇ بالا ـ قازاغا دۇچار بولامدۇق؟‘ دەپ سورىۋىدىم، رەسۇلۇللاھ: **’ھەئە، يامان ئىشلار كۆپىيىپ كەتسە شۇنداق بولىدۇ‘** “ دېدى. ھەدىسلەردە يەنە يەجۇج ـ مەجۇجنىڭ چىقىشى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بولىدىغانلىقىمۇ كۆرسىتىلگەن.

ھەدىسلەردە يەنە ئىسلامنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ قەبزى روھ قىلىشى بىلەن يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بار كىشىلەر تۈگەپ، پەقەت ئەڭ يامان ئادەملەر قالغاندا قىيامەت بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**دەججال مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. دۇنيادا 40 تۇرىدۇ**(رىۋايەت قىلغۇچى 40 كۈنمۇ، 40 ئايمۇ، 40 يىلمۇ بىلمىدىم دەيدۇ)**. ئاللاھ مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ دەججالنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن كىشىلەر(ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن) يەتتە يىل ئادەم ئارىسىدا ئاداۋەتمۇ بولماي تىنچ ھايات كەچۈرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ شام تەرەپتىن سوغۇق شامال چىقىرىدۇ، ئۇ شامال زېمىندىكى قەلبىدە زەررىچە ياخشىلىق ياكى ئىمان بولغان كىشىنى قالدۇرماي قەبزى روھ قىلىدۇ. ھەتتا بىرەرسىڭلار تاغنىڭ باغرىغا كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ شامال شۇ يەرگە كىرىپ** ئۇنىڭ جېنىنى ئالماي قويمايدۇ. يەر يۈزىدە يامان ئىشلارغا بېرىلىشتە قۇشنىڭ ئۇچقىنىدەك تېز، يىرتقۇچ ۋەھشىي ھايۋانلاردەك ھۆركىرەيدىغان كىشىلەر قالىدۇ، ئۇلار ياخشى ئىشنى بىلمەيدۇ، يامان ئىشنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئاندىن شەيتان بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ’مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمەمسىلەر‘ دەيدۇ. ئۇلار:’بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟‘ دەيدۇ. شەيتان ئۇلارنى بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ رىزىقى كەڭ، تۇرمۇشى پاراۋان بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن سۇر چېلىنىدۇ...“ (مۇسلىم توپلىغان).

بۇنىڭدىن باشقا مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى ساناپ مۇنداق دېگەن: ”**بۇ ئالامەتلەرنىڭ ئاخىرقىسى يەمەن تەرەپتىن بىر ئوتنىڭ چىقىپ كىشىلەرنى توپلىشىدۇر**“ «سەھىھۇل بۇخارى»دىكى يەنە بىر ھەدىستە بۇ ئوتنىڭ ھەزەرى مەۋت تەرەپتىن چىقىپ كىشىلەرنى شام رايونىغا توپلايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## قىيامەت

**كۆزلەر تورلاشقان، ئاينىڭ نۇرى ئۆچكەن، كۈن بىلەن ئاي بىرلەشتۈرۈلگەن چاغدا، ئىنسان بۇ كۈندە: ” ’قاچىدىغان جاي قەيەردە؟‘ “ دەيدۇ. ياق، (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قاچىدىغان پاناھگاھ يوقتۇر. بۇ كۈندە قارارگاھ پەرۋەردىگارىڭنىڭ تەرىپىدۇر.**

ــــسۈرە«قىيامەت»(75 ـ سۈرە)، 7ــ 12 ـ ئايەتلەر

ھاياتلىق گويا ئېقىنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا ئەجىلى پۈتكەنلەر ئۆلۈمگە يۈز تۇتسا، يەنە نۇرغۇن يېڭى جانلار ھاياتقا كۆز ئاچىدۇ. ھاياتلىق گويا مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئوخشايدۇ. بىر دولقۇن شاۋقۇن بىلەن دېڭىز قىرغىقىغا ئۇرۇلۇپ تۈگىگەندە، كەينىدىنلا يەنە بىر دولقۇن قىرغاققا ئۇرۇلىدۇ، ياشىرىپ تۇرغان ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ قالغاندا، ئورنىغا يەنە يايپېشىل كۆك ئوتلار ئۈنۈپ چىقىدۇ، قۇياش زېمىننى ئىللىق نۇرى بىلەن پەپىلەيدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نىھايىتى، ئاياغلىشىش چېكى بولىدۇ. ھاياتلىق ھەرگىزمۇ ئۈزۈلمەس ئېقىن ئەمەس. شۇنداق بىر كۈندە كۈننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى

نۇرى ئۆچىدۇ، يۇلتۇزلار تۆكۈلىدۇ، دەريا ـ بۇلاقلار ئېقىشتىن توختايدۇ، گۈللەر توزۇپ قۇرۇيدۇ. ھەممە نەرسە ھەتتا كائىنات گۇمران بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆمرى چەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاياغلىشىشى ئۆلۈم دەپ ئاتالغىنىدەك، دۇنيانىڭ ئۆمرىمۇ چەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يوقىلىشى قىيامەت دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ قۇرئاندىكى نەچچە يۈز ئايەتتە تەكرار ـ تەكرار زىكرى قىلىنغان، ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى دەھشەتتىن ئاگاھلاندۇرغان ھېساب كۈندۇر. مانا بۇ مۆمىنلەر ئازابتىن پاناھ تىلىگەن، گۇناھكارلار يىراق سانىغان ھەسرەت ـ نادامەت كۈندۇر. مانا بۇ ھەر ئادەم دۇنيادىكى ئەمەللىرىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازاغا ئېرىشىدىغان ھۆكۈم كۈندۇر.

**(قىيامەتنىڭ) قۇلاقنى گاس قىلغۇدەك قاتتىق ئاۋازى كەلگەن چاغدا (ھەممە ئادەم ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ قالىدۇ). ئۇ كۈندە كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، خوتۇنىدىن ۋە بالىلىرىدىن قاچىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا(شۇ ھالى) يار بەرمەيدۇ. ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال-خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەرنى چاڭ - توزاڭ بېسىپ كەتكەن، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ.**

ـــ سۈرە«ئەبەسە»(80 ـ سۈرە)، 33 ـــ 41 ـ ئايەتلەر

قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش ئاللاھقا مەلۇملۇق بىر ۋاقىتتا جىمى جانلىقلار ئۆلۈپ ھاياتى دۇنيانىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقى، ئاندىن ئاللاھنىڭ جىمى ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ ھېساب ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىغا يىغىدىغانلىقى، ھەر بىر ئادەمنىڭ دۇنيادىكى ئەمەللىرىگە يارىشا دوزاخ ياكى جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. مۆمىننىڭ ئەقىدىسى ئۇنىڭسىز دۇرۇس بولمايدۇ. قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. قۇرئاندا"**ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار...**" دېگەن ئىبارە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمەللەردىن ھېساب ئېلىنىدىغان شۇنداق بىر ئۇلۇغ كۈننىڭ بارلىقىغا بولغان ئىماننىڭ مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدىكى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇستەقىم(توغرا يولدا) بولۇشىدىكى رولى تەڭداشسىزدۇر. شۇ سەۋەبلىك قۇرئان كەرىمدە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىش ئەڭ مۇھىم تېما سۈپىتىدە نەچچە يۈزلىگەن ئايەتلەردە تەكرار ئېيتىلغان. سۈرە«قىيامەت»، سۈرە«ھەشر»، سۈرە«تەغابۇن»، سۈرە«ھاققە»، سۈرە«ۋاقىئە»، سۈرە«زەلزەلە»گە ئوخشاش بىر قانچە سۈرىلەر قىيامەت كۈنىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. بىر قىيامەت كۈنىنىڭ قۇرئاندا ئوخشاش بولمىغان 87 تۈرلۈك ئىسىم بىلەن ئاتىلىشى ۋە ھەر بىر ئىسىمنىڭ ئۆزىگە خاس مەنە قاتلىمىغا ئىگە بولۇشىمۇ بۇ تېمىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە سالمىقىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئىمام غەززالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىنى ئوخشىمىغان تۈرلۈك ئىسىملار بىلەن ئاتىغان. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەقسەت ئىسىم تەكرارلاش ئەمەس، بەلكى ئىنسانىنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئىنسانىنى ئوخشىمىغان ئىسىم ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئوخشىمىغان مەنە ھەققىدە ئويلىنىشقا يېتەكلەشتۇر، چۈنكى بۇ ئىسىملارنىڭ ھەربىرى قىيامەت كۈنىنىڭ بىر سىرىنى، ھەربىرى بىر سۈپىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ".

**سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئاللاھ خالىغانلىرىدىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، ئاندىن سۇر ئىككىنچى قېتىم چېلىنغاندا ناگاھان ئۇلار تۇرۇپ(نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقلىرىغا) قاراپ تۇرىدۇ.**

ـــ سۈرە«زۇمەر»(39 ـ سۈرە)، 68 ـ ئايەت

مانا بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، قىيامەت مۇنداق ئىككى چوڭ ھادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: بىرى، زېمىندىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ، ھاياتلىق ۋە ئالەم ئاخىرلىشىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن جىمى ئۆلۈكلەر تىرىلىپ، قەبرىلىرىدىن چىقىپ، مەھشەرگاھقا سوئال ـ سوراق ئۈچۈن ھازىر بولىدۇ، ئاخىرەت ھاياتى باشلىنىدۇ. بۇ ئىككى ھادىسىنىڭ باشلىنىشى ئىككى قېتىملىق سۇر بىلەن باغلانغان. قىيامەتنىڭ كىشىلەر بىخەۋەر تۇرغان ھالدا تۇيۇقسىز كېلىدىغانلىقى ۋە ئاز قالغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: ” **‹مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولاي! ھالبۇكى سۇر چالغۇچى سۇرنى چېلىش ئۈچۈن ئاغزىغا ئالغان تۇرسا، ئۇ رۇخسەتنى كۈتۈۋاتىدۇ. قاچانكى ئۇنى چېلىشقا بۇيرۇق قىلىنسا، ئۇنى چالىدۇ›**. گويا بۇ گەپ ساھابىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلغاندەك ئىدى. رەسۇلۇللاھ: **‹ئاللاھ تائالا بىزگە كۇپايە، ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ياخشى ئىگە دەڭلار›** دېدى“(تىرمىزى توپلىغان). ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھ ئىسراپىل ئىسىملىك پەرىشتىنى قىيامەتنىڭ سىگنالى بولغان سۇرنى چېلىشقا مەسئۇل قىلغان.

بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنىش بىلەن كائىناتتا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. تەبىئەتنىڭ نورمال قانۇنىيىتى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ، ئىنسانىنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن دەھشەتلىك ھادىسىلەر ھەققىدە قۇرئاندا قەلبلەرنى تىترەتكۈچى ئوبرازلىق بايانلار كەلگەن:

**بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغان چاغدا، زېمىن ۋە تاغلار(ئورۇنلىرىدىن) كۆتىرىلىپ(بىر- بىرىگە) ئۇرۇلۇپ(ئۇۋۇلىپ كەتكەن) چاغدا، بۇ كۈندە چوڭ ئىش(يەنى قىيامەت) يۈز بېرىدۇ. ئاسمان يېرىلىدۇ، بۇ كۈندە ئاسمان (قالايمىقانلىشىپ) ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.**

——سۈرە«ھاققە»(69 ـ سۈرە)، 13——16 ـ ئايەتلەر

**ئاسمان يېرىلغان چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، دېڭىزلار بىر-بىرىگە قوشۇلغان چاغدا، قەبرىلەر ئاستى- ئۈستى قىلىنغان(يەنى ئۆلۈكلەر چىقىرىلغان) چاغدا، ھەر ئادەم ئىلگىرى- كېيىن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ.**

——سۈرە«ئىنفىتار»(82 ـ سۈرە)، 1——5 ـ ئايەتلەر

**ئۇ كۈندە ئاسمان ئېرىتىلگەن مىستەك بولۇپ قالىدۇ، تاغلار ئېتىلغان رەڭلىك يۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.**

——سۈرە«مائارىج»(70 ـ سۈرە)، 8——9 ـ ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە مۇئەييەن ئۆلچەم ۋە مۇددەتنى بەلگىلىگەن. ئاسترونومىيە ئىلمىدا يۇلتۇزلارنىڭ قېرىشى، ئۆلىشىدەك ھادىسىلەر ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئىلمىي ھەقىقەت. يۇقىرىقى بايانلار ئاسمان، زېمىن، قۇياش، ئاي ـ يۇلتۇز، تاغ، دەريا ـ دېڭىزدەك نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان، ئىنساننىڭ ئىگىدارچىلىق قۇدرىتىدىن ھالقىغان شەيئىلەردىكى ئۆزگىرىشنى مەركەز قىلغان ھالدا ئايرىم ـ ئايرىم سۈرە ۋە ئورۇنلاردا كەلگەن. بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا ئاسماننىڭ يېرىلىشى، كۈن نۇرىنىڭ ئۆچۈشى، تاغلارنىڭ پارچىلىنىپ ئۇۋۇلىنىپ كېتىشى، يەرنىڭ قاتتىق تەۋرىشى، يۇلتۇزلارنىڭ تۆكۈلۈشىدەك زور ھادىسىلەر بىلەن ئالەمنىڭ بىرلىكى بۇزۇلىدۇ. زېمىندىكى جانلىقلار ــ ئىنسانلار، جىنلار، ھايۋانلار ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن جىمى جانلىقلار قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ قوپىدۇ، تۇنجى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تاكى بىرىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغىچە ئۆتكەن جىمى ئىنسانلار مەيلى ئۇ سۇدا ئېقىپ، ئوتتا كۆيۈپ، ھاۋادا پارتلاپ قانداق تەرىقىدە ئۆلگەن بولسۇن، ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئىلاھى بىلەن تىرىلىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ” **‹ئىككى قېتىملىق سۇرنىڭ ئارىلىقى 40›**. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ 40 كۈن دېمەكچىمۇ؟› دېسەم، رەسۇلۇللاھ: ‹ **مەن بىر نەرسە دېمەيمەن**› دېدى. مەن: ‹ 40 ئايمۇ؟› دېسەم، رەسۇلۇللاھ: ‹ **مەن بىر نەرسە دېمەيمەن**› دېدى. مەن: ‹40 يىلمۇ؟› دېسەم رەسۇلۇللاھ: ‹**مەن بىر نەرسە دېمەيمەن**› دېدى ۋە ئارقىدىنلا: **‹شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرىدۇ، ئادەم باللىرى خۇددى يامغۇردىن كېيىن ئوت-چۆپلەر ئۈنۈپ چىققاندەك قەبرىلىرىدىن تىرىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئادەمنىڭ ھەممە ئەزالىرى تۇپىدا چىرىپ تۈگەيدۇ. پەقەت بىر پارچە سۆڭەك-قۇيرۇق سۆڭىكى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. قىيامەت كۈنى بارلىق جانلىقلار ئاشۇ سۆڭىكى ئارقىلىق بىرىكتۈرۈلۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ›** “(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

تەۋھىد ئەقىدىسى ئىمان تارازىسىنىڭ بىر تەرىپى بولسا، ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىنى دىلى ۋە تىلى بىلەن تەستىقلاش ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەم كۇفرىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. كۆز كۆرمىگەن، ئەقىل يەتمەيدىغان ئىشلارغا پەقەت ئاللاھ خەۋەر بەرگەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈنلا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشىنىشنىڭ ئۆزى ئىمان ھېسابلىنىدۇ، ئەنە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شۇنىڭدا كىشىلەر سىنىلىدۇ، دەرىجىلىرى بىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى: "**ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ**" دېگەن سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن.

ئىككىنچى قېتىملىق سۇر چېلىنغاندا، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن جىمى ئۆلۈكلەر تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا ناھايىتى ئوچۇق ئىبارىلەر بىلەن ئىمانسىزلار ئىنكار قىلغان بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

**ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار(گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى(ئالدى بىلەن) ئابمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىداندا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى(ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز. (ئاندىن سىلەرنى ئاستا-ئاستا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر(كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار (ئىلگىرى) بىلگەنلىرىدىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە(ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر، (ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ (يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى يۇقىرىقىدەك يارىتىشى) ئاللاھنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى سىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.**

—— سۈرە«ھەج»(22 ـ سۈرە)، 5ــ6 ـ ئايەتلەر

ئاللاھنىڭ كۆندەك روشەن بۇ بايانلىرى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

ئاخىرەت ھاياتى جىمى ئىنسانلار، جىنلارنىڭ جىسمى ۋە روھى بىلەن تىرىلىپ ئاللاھقا ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا توپلىنىشىدىن باشلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاياتى دۇنيادىكى ئەمەللىرى سەۋەبلىك قايتا تىرىلگەندىكى ھالىتىدە پەرق بولىدۇ. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار بېجىرىم، چىرايلىق ھالەتتە بولىدۇ. يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتمىغانلار بولسا كەمتۈك، ئەيىبناك ھالەتتە قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: " '**قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: بىر تۈركۈم كىشىلەر پىيادىلىك بولىدۇ؛ ئىككىنچى تۈركۈم كىشىلەر تۆگىلىك بولىدۇ؛ يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر يۈزى بىلەن ماڭغان ھالەتتە كېلىدۇ**'. ساھابىلەر: 'ئى رەسۇلۇللاھ، ئادەم قانداقمۇ يۈزى بىلەن ماڭىدۇ؟' دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: '**ئادەمنى پۇتى بىلەن مېڭىشقا قادىر قىلغان ئاللاھ يۈزى بىلەن ماڭدۇرۇشقىمۇ قادىردۇر**' " دېدى. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۈرە«بەنى ئىسرائىل» (17 ـ سۈرە)دىكى:

**قىيامەت كۈنى ئۇلارنى دۈم ياتقۇزۇپ (سۆرەلگەن) كور، گاچا، گاس ھالدا يىغىمىز** (97 ـ ئايەت)دېگەن ئايىتىنىڭ شەرھىسىدۇر. ئىمام غەززالى بۇ ھەقتە «احياء علوم الدين» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: "ئۆزى كۆرۈپ ئادەتلەنمىگەن بارلىق نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتى. ئەگەر ئادەم قورسىقى بىلەن ماڭىدىغان يىلاننى كۆرمىگەن بولسا مېڭىش ئۇقۇمىنى مەڭگۈ پۇتقا باغلاپ چۈشەنگەن بولاتتى. شۇڭا سەن قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللارنى، دۇنيا ھاياتىغا ئوخشىمايدىغان ھادىسىلەرنى ئىنكار قىلىشتىن ساقلان". سۈرە«بەقەرە»نىڭ 275 ـ ئايىتىدە ئېيتىلغىنىدەك: "**جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەمدەك قوپىدۇ**". ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**كىشىلەردىن نەرسە تىلىگەن ئادەم قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش دىدارى يوق ھالدا تىرىلىدۇ**"(بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). "**تەكەببۇر، ھالى چوڭ ئادەملەر قىيامەت كۈنى چۈمۈلىگە ئوخشاش كىچىك ھالەتتە بولۇپ، خالايىق ئۇلارنى ئاياغلىرى بىلەن دەسسەپ ئۆتىدۇ**" (تىرمىزى توپلىغان). "**بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ،**

**ئەگەر ئۇ ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولمىغان بولسا، قىيامەت كۈنىدە يېرىم تەرىپى ئېغىپ، ساڭگىلىغان ھالدا قوپىدۇ"** (تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان). ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان مۆمىنلەر بولسا يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ھالەتتە ھازىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ. نامازنىڭ تەسىرىدىن يۈز - قوللىرى، پېشانىسى ئاق، نۇرانە ھالەتتە بولىدۇ. روزىنىڭ پەزلىدىن ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنىڭ پۇرىقى ئىپاردىنمۇ خۇشبۇي بولىدۇ. "حشر" (ھەشر) سۆزى ئەرەبچە "توپلىنىش، يىغىلىش" مەنىسىدە بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئادەملەرنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن يىغىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. تىلىمىزدىكى مەھشەرگاھ سۆزى شۇنىڭدىن كەلگەن.

**ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار(يەنى پۈتۈن خالايىق قەبرىلىرىدىن چىقىپ) يېگانە قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا(يەنى مەھشەرگاھتا) ھازىر بولىدۇ.**

—— سۈرە«ئىبراھىم»(14 - سۈرە)، 48 - ئايەت

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى زېمىننى سول چاڭگىلىدا، ئاسماننى ئوڭ چاڭگىلىدا تۇتۇپ: 'مەن پادىشاھتۇرمەن، زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قەيەردە؟'"** دەيدۇ (بۇخارى توپلىغان). ئاللاھ تائالا مەھشەرگاھنىڭ سۈپىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

**ئۇ كۈندە(يەنى قىيامەت كۈنىدە) بىز تاغلارنى يوق قىلىمىز، زېمىننى ئوچۇق، تۈپتۈز كۆرىسەن(يەنى ئۇنى توسۇپ تۇرىدىغان تاغ، دەرەخ، بىنالار بولمايدۇ)، ئۇلارنى (يەنى ئىنسانلارنى) (مەھشەرگاھقا) يىغىمىز. ئۇلاردىن بىر كىشىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمايمىز.**

—— سۈرە«كەھف»(18 - سۈرە)، 47 - ئايەت

ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. مانا مۇشۇنداق ھېچكىم ھېچ نەرسىنى يوشۇرالمايدىغان، ھەممە ئاشكارا بولىدىغان كەڭ مەيدانغا بەنى ئادەم توپلىنىدۇ، پەرىشتىلەر سەپ - سەپ بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن قىيىن كۈندۇر، دەھشەتتىن باللارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدىغان، ھامىلدار ئاياللارنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدىغان، كىشىلەر مەستەك گاڭگىراپ قالىدىغان كۈندۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"قىيامەت كۈنى كىشىلەر يالىڭاچ ۋە خەتنىسىز ھالەتتە توپلىنىدۇ"** دېدى، مەن: "ئى رەسۇلۇللاھ، ئەرلەر ۋە ئاياللار توپلانسا ئۇلار بىر - بىرىسىنىڭ ئەۋرىتىگە قاراپ قالامدۇ؟" دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئى ئائىشە، قىيامەت كۈنىنىڭ دەھشىتىدىن ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە قارىغۇدەك ھالى بولمايدۇ"** دېدى (بۇخارى توپلىغان). مەھشەرگاھتىكى يىغىلىشتىن تاكى ئاللاھنىڭ ھېسابىغا يۈزلەنگىچە ناھايىتى ئۇزۇن بىر زامان، ئۇزۇن بىر ۋاقىت ئۆتىدۇ. سۈرە«مائارىج» (70 - سۈرە)دىكى:

**پەرىشتىلەر ۋە روھ(يەنى جىبرىئىل) ئاللاھقا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ** (4 - ئايەت) ئايىتىدىكى 50 مىڭ يىلنى ئىبنى ئابباس، ئىبنى زەيد، زەھھاك، ئىكرىمە قىيامەت كۈنىدىكى بەندىلەرنىڭ ھېساب ئېلىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۈتۈشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئۇزۇن مۇددەتتە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرۇش بەنى ئادەم ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر بىر ئىشتۇر. مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"قىيامەت كۈنى قۇياش مەخلۇقاتقا بىر مىل ئارىلىقتا يېقىن قىلىنىدۇ** (رىۋايەت قىلغۇچى مىقداد: 'ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ بىر مىل دېگەن سۆزى زېمىندىكى مۇساپىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ياكى كۆزگە تارتىلىدىغان مىلنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن' دېگەن) **كىشىلەر ئەمەللىرىگە قاراپ تەرلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن تەر ئوشۇقىغىچە ئاقىدۇ، بەزىلىرىنىڭ تىزىغىچە ئاقىدۇ، بەزىلىرىنىڭ بېلىگىچە ئاقىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئېغىزلىرىغا تەردىن يۈگەن سېلىنىدۇ"** دەپ قولى بىلەن ئاغزىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قىيامەت كۈنى بىر جەھەننەم مەھشەرگاھقا ھازىر قىلىنىدۇ. جەھەننەمنىڭ 70 مىڭ تىزگىنى بولۇپ، ھەر بىر تىزگىننى تارتىدىغان 70 مىڭ پەرىشتە بولىدۇ"** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان). جەھەننەمۇ، دوزاخمۇ

كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەرگە توغرىلانغان، ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن ھەممە ئەمەللەر ئاشكارا بولىدىغان بۇ پەيتتە قاتتىق قورقۇنچتىن كىشىلەر گاڭگىراپ مەستەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ پەيتتە ھەر بىر ئادەمنىڭ بىر ھالى بولىدۇكى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا شۇ ھالى يار بەرمەيدۇ. بۇ پەيتتە كىشى ئۆزىنىڭ ئانىسىدىن، دادىسىدىن، بالىسىدىن، قېرىندىشىدىن قاچىدۇ.

**دوست دوستىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ھال سورىمايدۇ، گۇناھكار ئادەم ئۆز ئورنىغا ئوغۇللىرىنى، ئايالىنى، قېرىندىشىنى ۋە ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەۋم-قېرىنداشلىرىنى ۋە يەر يۈزىدىكى جىمى ئادەمنى بېرىپ بولسىمۇ، ئۇ كۈندىكى ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.**

ــــسۈرە«مائارىج»(70 ـ سۈرە)، 10ــــ14 ـ ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا ئىمانىدا راستچىل مۆمىنلەرنى مەھشەرگاھنىڭ قورقۇنچ ئازابلىرىدىن ئەمىن قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كىشى خالايىقنىڭ مەھشەرگاھتا تۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇ ۋاقىت مۆمىنگە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، ھەتتا شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت مۆمىننىڭ بۇ دۇنيادا ئوقۇغان بىر قېتىملىق نامىزىنىڭ ۋاقتىدىنمۇ قىسقىدەك تۇيۇلىدۇ“ دېدى (بەيھەقى توپلىغان). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ئاللاھ تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچ قانداق سايە يوق قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ يەتتە تۈرلۈك ئادەمنى ئۆز ئەرشى ئاستىدا سايىتىدۇ. ئۇلار: ئادىل پادىشاھ، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدە ئۆسكەن ياش، ئەس-يادى ھەمىشە مەسچىتتە بولغان ئادەم، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دوست بولۇشقان ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئايرىلىشقان ئادەملەر، ئېسىل ۋە چىرايلىق بىر ئايال ئۆزىگە چاقىرسا، ’ئاللاھتىن قورقىمە‘ دەپ ئۇنى رەت قىلغان كىشى، ئوڭ قولى بىلەن نېمىنى بەرگەنلىكىنى سول قولى بىلمەي قالغۇدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە بەرگەن كىشى، خالىي جايدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ ياش تۆككەن كىشى**“ (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

(داۋامى بار)

(ئاپتور: ئۇرۇمچى شەھىرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



---

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ھۈسەيىن ھاجى داموللا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ھۈسەيىن ھاجى داموللا 2006 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى 93 يېشىدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى.

ھۈسەيىن ھاجى داموللا قىرغىز بولۇپ، 1913 ـ يىلى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قاراچى يېزىسىدا قىرغىز چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باللىق ۋە ياشلىق ۋاقتىدا ئاتۇش ۋە قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ۋە داڭلىق ئۆلىمالاردا ئۇزۇن يىل ئىسلام دىنى ئىلمى ئۆگەنگەن ۋە تەھسىل قىلغان، شۇنداقلا ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، چاغاتايچە تىللارنى پۇختا ئىگىلىگەن (ئارىلىقتا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن). 1955 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە 1980 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈچ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە 7 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان. 1962 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆلىمالار تەتقىقات سىنىپىدا ئوقۇغان. شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە پەخرى مۇدىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1978 ـ يىلدىن باشلاپ 5 ـ، 6 ـ، 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، كۆپ قېتىم ھەج تاۋاپ قىلغان ۋە نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرىدە زىيارەتتە بولغان.

ھۈسەيىن ھاجى داموللا ۋەتەننى، دىننى سۆيىدىغان ئىسلام ئۆلىماسى، جەمئىيەت ئەربابى، تەتقىقاتچى ۋە يازغۇچى بولۇپ، ئۆمرىدە نۇرغۇن دىنىي ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان، بولۇپمۇ كۆپ يىل ئەجىر قىلىپ قۇرئان كەرىمنى قىرغىزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان ۋە «قىرغىز خەلقىنىڭ شەجەرە تارىخى» دېگەن ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ نەشر قىلدۇرغان.

ھۈسەيىن ھاجى داموللا ۋاپات بولغاندىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاپ ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى.

ئاللاھ تائالا ھۈسەيىن ھاجى داموللامنىڭ جەننەتلىك مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغاي ـ ئامىن!

# ئەزان ۋە تەكبىر (ئىقامەت) توغرىسىدا سوئال - جاۋابلار

ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد، مۇھەممەد مۇسا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**س: ئەزان(الأذان) ۋە ئىقامەت(الإقامة)نىڭ لۇغەت مەنىسى نېمە؟**

ج: ئەزان(الأذان) ئەرەبچە سۆز بولۇپ "چاقىرىش، ئېلان قىلىش، تۇۋلاش، بىلدۈرۈش" دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. سۈرە «تەۋبە»(9 ـ سۈرە)نىڭ 3 ـ ئايىتىدىكى: "واذان من الله ورسوله" ("ۋەئەزانو منەللاھى ۋە رەسۇلىھى" يەنى "**(بۇ) چوڭ ھەج كۈنىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن كىشىلەرگە چىقىرىلغان ئېلاندۇركى......**") دېگەن ئايەتتە ئەزان (الأذان) كەلىمىسى يۇقىرىقىدەك "ئېلان قىلىش" مەنىسىدە كەلگەن. ئىقامەت(الإقامة) ئەرەبچە سۆز بولۇپ "بەرپا قىلىش، تۇرغۇزۇش، ئىجرا قىلىش" دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. ئىقامەت بىزنىڭ تىلىمىزدا "تەكبىر" نامى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ.

**س: ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ شەرئى مەنىسى نېمە؟**

ج: ئەزان شەرئەتتە ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئېلان قىلىش مەقسىتىدە مەخسۇس سۆزلەرنى تەرتىپى بويىچە يۇقىرى ئاۋازدا تۇۋلاشنى كۆرسىتىدۇ.

تەكبىر ئىسلامدىكى سۈننەت بولۇپ، نامازغا تۇرۇش ئالدىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن رەۋىشتە مەخسۇس لەفزىلەرنى ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**س: ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ شەرئەتتە يولغا قويۇلۇشىنىڭ دەلىلى نېمە؟**

ج: ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف بىلەن ئىسپاتلانغان بولۇپ، ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بۈيۈك كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

**ئى مۆمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار.**

ـــ سۈرە «جۈمۇئە»(62 ـ سۈرە)، 9 ـ ئايەت

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جەمەتىمىزدىكى بىرنەچچە كىشى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بارغانىدۇق، رەسۇلۇللاھ ناھايىتى مېھماندوست ئىكەن. ئۇ بىزنى يېنىدا 20 كۈن تۇتۇپ قالدى. ئۇ بىزنىڭ ئۆيىنى سېغىنغانلىقىمىزنى كۆرگەنىدە: "**سىلەر ئۆيۈڭلارغا قايتقاندا ئۇلارغا ناماز توغرىسىدىكى بىلىملەرنى**

ئۆگىتىڭلار. نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە بىرىڭلار ئەزان ئېيتسۇن، چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن» دېدى(بۇخارى توپلىغان).

**س: ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنىشى قانداق؟**

ج: مۇسۇلمانلارنىڭ بۈيۈك ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى داۋاملىق ئەسلەپ، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاپ، نەھى قىلىنغان ئىشلاردىن چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا نامازنى پەرز قىلدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دېگەن:

**ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ.**

ــــ سۈرە«ئەنكەبۇت»(29 ـ سۈرە)، 45 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرلۈك ئىشلاردا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىشىنى ۋە دوستلۇق ئالاقىلىرىنى، ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جامائەت نامىزىنى ئەڭ ئەۋزەل ناماز قىلدى. نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە، غاپىللارنى ئويغىتىدىغان، بىخۇدلارنى ئەسلىتىدىغان، ھەممىنى يىغىلىشقا ئۈندەيدىغان بىر ئىشنى يولغا قويۇش توغرىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. بەزىلەر: "ناماز ۋاقتىدا كىشىلەر كۆرۈپ نامازغا كېلىشى ئۈچۈن بايراق چىقىرايلى"، دېدى. بەزىلەر بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇيقۇدىكىلەرنى ئويغىتالمايدىغانلىقىنى، غاپىللارغا ئۇقتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى. بەزىلەرنىڭ ئېگىز دۆڭگە ئوت يېقىپ گۈلخان سالساق دېگەن پىكرىمۇ قوبۇل قىلىنمىدى. بەزىلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەت ۋاقتىدا بۇرغا چالغانلىرىغا ئوخشاش بۇرغا چېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا تەقلىد قىلىشنى يامان كۆرگەنلىكتىن بۇنى رەت قىلدى. بەزىلەرنىڭ خرىستىئانلارغا ئوخشاش داڭ ئۇرۇش پىكرىمۇ رەسۇلۇللاھقا ياقمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا، بەزىلەرنىڭ ناماز ۋاقتىدا ئەزان ئېيتىش پىكرى ماقۇل كۆرۈلدى.

مۇئەززىنلەردىن بىرى بولغان ئابدۇللا ئىبنى زەيد ئەنسارىنىڭ چۈشىدە بىر شەخس كۆرۈنۈپ: "نامازغا توۋلاپ ئېيتىدىغان ئەزاننى ساڭا ئۆگىتىپ قويايمۇ؟" دېۋىدى، ئابدۇللا: "ماقۇل، ئۆگىتىپ قوي"، دېدى. ھېلىقى كىشى ئابدۇللاغا: "ئاللاھۇ ئەكبەر"(ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)نى تۆت قېتىم، "ئەشھەدۇئەنلائىلاھە ئىللەللاھ"(گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق)نى ئىككى قېتىم، "ھەييە ئەلەسسەلاھ"(نامازغا چاپسان كېلىڭلار)نى ئىككى قېتىم، "ھەييە ئەلەلفەلاھ"(نىجاتلىق يولىغا چاپسان كېلىڭلار)نى ئىككى قېتىم، ئاندىن كېيىن"ئاللاھۇ ئەكبەر"نى يەنە ئىككى قېتىم ئېيتقاندىن كېيىن، "لائىلاھە ئىللەللاھ"نى بىر قېتىم دەيسەن"دېدى. ئابدۇللا ئويغىنىپ، كۆرگەن چۈشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: **"ھەقىقەتەن ھەق چۈش كۆرۈپسەن، بۇنى بىلالغا ئۆگەت، بىلالنىڭ ئاۋازى سېنىڭ ئاۋازىڭدىن جاراڭلىق، ئەزاننى بىلال ئېيتسۇن"** دېدى. بىلال ئەزان ئېيتىۋاتقاندا، ئۆمەر كېلىپ:"ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھقا قەسەمكى مۇنداق چۈشنى مەنمۇ كۆرگەن ئىدىم"، دېدى. بىلال بامدات نامىزىنىڭ ئەزىنىدە "ھەييەئەلەلفەلاھ" دېگەن سۆزدىن كېيىن، "ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋم"(ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى)دېگەن سۆزنى تەكرار ئېيتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئېتىراپ قىلدى.

ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەزان يولغا قويۇلغىنىدەك، رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىم بېرىشى بىلەن ناماز ئادا قىلىش ۋاقتىنىڭ باشلانغانلىقىغا ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن تەكبىر يولغا قويۇلغان.

**س: ئەزان ۋە مۇئەززىنىنىڭ پەزىلىتى قانداق؟**

ج: ئەزان ئىسلامنىڭ شوئارى ۋە ئىسلامدىكى سۈننەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەسلىتىش، رەسۇلۇللاھنى ماختاش ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى مەدھىيىلەش، شۇنداقلا ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئۆز خىتابى ۋە مۇناجاتى بىلەن بەندىلىرىنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن شەرەپلىك قىلىش ئۈچۈن پەرز قىلغان بەش ۋاقىت نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان چاقىرىق. مۇئەززىننىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئورنى ۋە مەرتىۋىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى مۇئەززىن كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىپ ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ. كىمكى

ياخشىلىققا يېتەكلىسە، شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابى ئۇنىڭغىمۇ يېتىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزان ئېيتىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ ۋە مۇئەززىنىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى مۇكاپاتىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"كىشىلەر ئەزاننىڭ ۋە ئاۋۋالقى سەپتە ناماز ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن چەك تاشلاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن چەك تاشلىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇلار نامازغا ئالدىراشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، نامازغا چوقۇم بالدۇر كېلەتتى، ئەگەر ئۇلار خۇپتەن ۋە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەلگەن بولاتتى"** (بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان).

مۇئەززىنىنىڭ ئەزاننى ئاڭلىغان ھەربىر نەرسىنىڭ قىيامەت كۈنى مۇئەززىن ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە مەرتىۋىسىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ سەئىد ئۇنىڭغا: "مەن بىلىمەن، سەن قىردا پادا بېقىشنى ياخشى كۆرىسەن، ئەگەر سەن پادىدا ياكى قىردا بولساڭ، نامازغا ئەزان ئېيتىشقا توغرا كەلگەندە، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئەزان ئېيتقىن، چۈنكى ئەزاننى ئاڭلىغان مەيلى ئىنسان، مەيلى جىن ياكى باشقا نەرسە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەززىن ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. مەن بۇنى رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان ئىدىم"، دېدى (بۇخارى توپلىغان).

**س: ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: ئەزان ۋە تەكبىر سۈننە مۇئەككەدە (تەكىتلەنگەن سۈننەت) بولۇپ، بۇ ھۆكۈم جامائەت ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئورتاق بولىدۇ.

**س: ئۆيدە ياكى چۆل-جەزىرىدە يالغۇز ناماز ئوقۇغاندا ئەزان ئېيتىلامدۇ؟**

ج: مەسچىتتە ياكى ئۆيدە ۋە ياكى چۆل-جەزىرىدە يالغۇز ناماز ئوقۇشقا توغرا كەلگەندە ئوخشاشلا ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىلىدۇ. چۈنكى يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىدىن بىر جامائە پەرىشتە بىللە ناماز ئوقۇيدۇ. (ئەسكەرتىش: مەسچىتتە ئېيتىلغان ئەزان ئاڭلىنىدىغان ئۆيلەردە قايتا ئەزان ئېيتىلمىسىمۇ بولىدۇ. مەسچىتنىڭ ئەزانى ئۇلارغا كۇپايە قىلىدۇ).

سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"بىر كىشى چۆل-جەزىرىدە نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە ئەزان توۋلاپ، تەكبىر ئېيتىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر جامائە پەرىشتىلەر ئۇ رۇكۇ قىلغاندا رۇكۇ قىلىپ، سەجدە قىلغاندا سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ دۇئاسىغا 'ئامىن' دەيدۇ"** (بەيھەقى توپلىغان).

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: **"تاغ باغرىدا قوي باقىدىغان، ناماز ۋاقتى كىرگەندە ئەزان توۋلاپ ناماز ئوقۇيدىغان پادىچىدىن رەببىڭلار رازى بولىدۇ. پەرىشتىلەرگە: 'مەندىن قورقۇپ، ئەزان توۋلاپ ناماز ئوقۇۋاتقان بۇ بەندەمگە قاراڭلار، ئۇنى مەغپىرەت قىلدىم، جەننىتىمگە كىرگۈزىمەن' دەيدۇ"** (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

**س: ئاياللار ئەزان ئېيتىپ، تەكبىر ئوقۇمدۇ؟**

ج: ئەزان بىلەن تەكبىر ئاياللار ئۈچۈن سۈننەت ئەمەس بەلكى مەكرۇھدۇر. چۈنكى شەرىئەتتە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بار يەردە يۇقىرى ئاۋازدا گەپ-سۆز قىلىشى ۋە زىكرى-تەسبىھ ئېيتىشى چەكلەنگەن.

ئەنەس ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن ئاياللار ئۈچۈن ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان («فىقھۇل ئىسلام» دىن ئېلىندى).

**س: ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشى، ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى ۋە تەرجىمىسى قانداق؟**

ج: تۆۋەندىكى جەدۋەلدە تەپسىلىي چۈشەندۈرىمىز:

| رەت تەرتىپى | ئەرەبچە ئوقۇلۇشى | قېتىم سانى | ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى | تەرجىمىسى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | الله اكبر | 4 | ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. |
| 2 | اشهد ان لا إله إلا الله | 2 | ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. |
| 3 | اشهد ان محمدا رسول الله | 2 | ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر |
| 4 | حي على الصلاة | 2 | ھەييە ئەلەسسالات | نامازغا چاپسان كېلىڭلار |
| 5 | حي على الفلاح | 2 | ھەييە ئەلەلفەلاھ | نىجاتلىق يولىغا چاپسان كېلىڭلار |
| 6 | الله اكبر | 2 | ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر |
| 7 | لا إله إلا الله | 1 | لائىلاھە ئىللەللاھ | بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر |
| ئىزاھات | بامدات نامىزىنىڭ ئەزانىدا”ھەييە ئەلەلفەلاھ“دېگەن كەلىمىدىن كېيىن، ”الصلاة خير من النوم “، (ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋم)(ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى) دېگەن كەلىمە تەكرار قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. تەكبىردە ”ھەييەئەلەلفەلاھ“ كەلىمىسىدىن كېيىن”قد قامت الصلاة“، (قەد قامەتىسسالات)(ناماز ھازىر بولدى) دېگەن كەلىمە تەكرار قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. | | | |

**س: ئەزان ۋە تەكبىردىكى شەرتلەر قايسىلار؟**

ج: (1)ناماز ۋاقتىنىڭ كىرىشى شەرت. چۈنكى ئەزان ناماز ۋاقتىنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يولغا قويۇلغاچقا ئۆز ۋاقتىدىن بۇرۇن ئېيتىلسا دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر ناماز ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئەزان ئېيتىلىپ قالسا ئىئادە قىلىنىدۇ(قايتا ئېيتىلىدۇ). ئەمما تەكبىر چوقۇم ناماز باشلىنىدىغان ۋاقىتتا ئېيتىلىشى شەرت.

(2) ئەزان ۋە تەكبىر ئەرەب تىلى بىلەن ئوقۇلۇشى شەرت.

(3) ئەزان توۋلىغاندا ياكى تەكبىر ئېيتقاندا بولسۇن كەلىمىلەرنى ئارقىمۇئارقا ئوقۇش ھەمدە كەلىمىلەرنىڭ رەت تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش شەرت.

(4) يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى ئەزان ۋە تەكبىرنى ئۆزى ئاڭلىغۇدەك ئېيتىشى، جامائەتلىك ناماز بولسا، بىر قىسىم جامائەتلەر ئاڭلىغۇدەك ئېيتىلىشى شەرت.

(5) مۇئەززىنىنىڭ چوقۇم مۇسۇلمان، ئاقىل، ئەر كىشى بولۇشى شەرت. كۇففار، مەجنۇن(ساراڭ)نىڭ ئېيتقان ئەزانى دۇرۇس بولمايدۇ.

**س: ئەزان ۋە تەكبىردىكى سۈننەتلەر قايسىلار؟**

ج: (1) مۇئەززىنىنىڭ سالىھ، دىندا ئىشەنچلىك، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرى ۋە نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى بىلىدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇشى سۈننەت.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئاراڭلاردا سالىھ كىشىلەر ئەزان ئېيتسۇن، قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ياخشى ئوقۇيالايدىغىنىڭلار ئىمام بولسۇن“** (ئىبنى ماجە توپلىغان).

(2) ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ ئىبادەت ھېسابلىنىدىغانلىقى ۋە ناماز بىلەن ئۇلىنىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن تاھارەت بىلەن ئوقۇلۇشى سۈننەت. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”تاھارەتسىز كىشى ئەزان ئېيتمىسۇن“** (تىرمىزى توپلىغان).

(3) مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ۋە تەكبىرنى ئۆرە تۇرۇپ ئېيتىشى سۈننەت.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئى بىلال، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ نامازغا چاقىرغىن“** (مۇسلىم توپلىغان).

(4) مۇئەززىنىنىڭ ئەزاننى ئاۋازىنىڭ تېخىمۇ جاراڭلىق چىقىشى ئۈچۈن بارمىقىنى قۇلىقىغا تىقىپ، قىبلىگە يۈزلەنگەن ھالەتتە ئېيتىشى ھەمدە گەۋدىسىنى قىبلىدىن بۇرىماي، ئىككى قەدىمىنى ئورنىدىن يۆتكىمەستىن ”ھەييە ئەلەسسالات“ دېگەندە ئوڭ تەرىپىگە قارىشى، ”ھەييەئەلەلفەلاھ“ دېگەندە سول

29

تەرەپكە قارىشى سۈننەت. بۇ ھەقتە ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ”مەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەزان ئېيتقاندا بارمىقىنى قۇلىقىغا تىقىپ، گەۋدىسىنى بۇرىماي بېشىنى ئوڭ ۋە سول تەرەپكە بۇراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم“ (تىرمىزى توپلىغان).

(5) مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئېيتقاندا ھەر ئىككى كەلىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىنىۋېلىپ، ئالدىرىماي ئېيتىشى، تەكبىر ئېيتقاندا توختىماستىن، ئىتتىكرەك ئېيتىشى سۈننەت. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: **”ئى بىلال، ئەزان ئېيتقىنىڭدا كەلىملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىنىۋېلىپ ئالدىرىماي ئېيتقىن، تەكبىرنى توختىماي، ئىتتىكرەك ئېيتقىن“** دېگەن(تىرمىزى توپلىغان)(بۇ ھەدىسنىڭ تەپسىلاتى ئەزاننىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە بايان قىلىندى).

(6) مۇئەززىنىنىڭ يۇقىرى ئاۋازلىق، تەلەپپۇزى چىرايلىق كىشى بولۇشى سۈننەت. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى زەيد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: **”ھەقىقەتەن ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، بۇنى بىلالغا ئۆگەت، بىلالنىڭ ئاۋازى سېنىڭ ئاۋازىڭدىن جاراڭلىق، ئەزاننى بىلال ئېيتسۇن“** (ئەبۇ داۋۇت توپلىغان).

(7) جامائەتنىڭ نامازغا تولۇق ئۈلگۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن، ئەزان بىلەن تەكبىر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى سۈننەت.

(8) نامازغا بولغان چاقىرىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئەزاندىن كېيىن مۇئەززىنىنىڭ ”الصلاة الصلاة“ (ئەسسالات، ئەسسالات)(نامازغا كېلىڭلار، نامازغا كېلىڭلار) دەپ تەسۋىب(التويب) ئېيتىشى مۇستەھەپ.

**س: ئەزان ۋە تەكبىردىكى مەكروھلار قايسىلار؟**

ج: (1) مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ۋە تەكبىرنى ناخشا ئاھاڭىغا سېلىپ، مەنىسى ئۆزگەرگىدەك رەۋىشتە سوزۇپ ئېيتىشى مەكروھ.

(2) مۇئەززىنىنىڭ جۇنۇپ ھالەتتە ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىشى مەكروھ تەھرىمە(ھاراملىق دەرىجىسىگە ئېلىپ بېرىلغان مەكروھ) بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا ئەزان ۋە تەكبىر قايتا ئېيتىلىدۇ.

(3) سەبىي بالىنىڭ ئەزان ئېيتىشى مەكروھ. ئەمما بالاغەت يېشىغا يېقىنلىشىپ قالغان ئاقىل بالا ئەزان ئېيتسا دۇرۇس بولىدۇ.

(4) ئاياللارنىڭ، پاسىق ۋە ساراڭلارنىڭ ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىشى مەكروھ.

(5) ئەزان ئارىلىقلىرىدا سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش بىلەن بولسىمۇ سۆز قىلىش مەكروھ.

(6) مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ۋە تەكبىردە قالايمىقان مېڭىشى مەكروھ.

(7) جۈمە نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن، ئۆزرىسى بار كىشىلەرنىڭ پېشىن نامىزى ئۈچۈن ئەزان ئېيتىشى مەكروھ.

(8) ئەزان ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇئەززىن ياكى جامائەتنىڭ ناماز ئوقۇماي سەۋەبسىز مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشى مەكروھ. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”بىر ئادەم ئەزان ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىشنى مەقسەت قىلماي، سەۋەبسىز مەسچىتتىن چىقىپ كەتسە ئۇ مۇناپىق ھېسابلىنىدۇ“** (ئىبنى ماجە توپلىغان).

**س: ئەزاننىڭ ھەربىر كەلىمىسى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مۇئەززىنگە جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: ھەنەفىي فىقھشۇناسلىق قارىشىدا مۇئەززىنگە جاۋاب قايتۇرۇش (يەنى مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى تەكرارلاش)ۋاجىپ. باشقا مەزھەپلەردە سۈننەت ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”قاچانكى ئەزاننى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دەڭلار“** (بۇخارى توپلىغان).

**س: مۇئەززىنگە جاۋاب قايتۇرۇشتىكى سۈننەتلەر قايسىلار؟**

ج: (1) ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ مۇئەززىنىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ مەسچىتكە كېلىشى لازىم.

(2) ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ياكى زىكرى ـ تەسبىھتىن توختاپ تۇرۇشى سۈننەت.

(3) ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دېيىشى سۈننەت. ھەمدە ”ھەيە

ئەلەسسالات›› ۋە ‹‹ھەيىيە ئەلەلفەلەھ›› دا ‹‹لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىييىل ئەزىم›› (ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك ئاللاھنىڭ مەدىتى بولمىسا ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ)دەپ جاۋاب قايتۇرۇشى سۈننەت.

بۇ ھەقتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹مۇئەززىن ‹ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر› دېگەندە، سىلەرنىڭ بىرىڭلار چىن قەلبىدىن ‹ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر› دېسە، مۇئەززىن ‹ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېگەندە، ‹ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېسە، مۇئەززىن ‹ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ› دېگەندە، ‹ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ› دېسە، مۇئەززىن ‹ھەيىيە ئەلەسسالات› دېگەندە، ‹لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىييىل ئەزىم› دېسە، مۇئەززىن ‹ھەيىيە ئەلەل فەلاھ› دېگەندە، ‹لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ› دېسە، مۇئەززىن ‹ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر› دېگەندە، ‹ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر› دېسە، مۇئەززىن ‹لا ئىلاھە ئىللەللاھ› دېگەندە، ‹لائىلاھە ئىللەللاھ› دېسە، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ››(بۇخارى توپلىغان).

تەكبىر كەلىمىلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەردىنمۇ تەكبىر ئېيتقۇچى نېمە دېگەن بولسا شۇنى دېيىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن ‹‹قەد قامەتىسسالاتۇ›› دېگەندە ‹‹أقامها الله وأدامها›› (‹ئەقامەھەللاھۇ ۋە ئەدامەھا› يەنى ‹مۇشۇ نامازنى ئاللاھ بىزگە نېسىپ قىلسۇن ۋە ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا ئاللاھ مۇيەسسەر قىلسۇن›) دېيىش سۈننەتتۇر.

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەكبىر ئېيتىپ: ‹قەد قامەتىسسالات› دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ‹ئەقامەھەللاھۇ ۋە ئەدامەھا› ›› دېگەن(ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

(4) مۇئەززىنگە جاۋاب قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ـ سالام يوللاش، ئاندىن: (اللهمّ ربّ هذه الدعوة التامّة والصّلاة القائمة آت سيّدنا محمدا الوسيلة والفضيلة وابعثه مقاما محمودا الذى وعدته) (ئاللاھۇممە رەببە ھازىھىد دەئۋەتىت تاممەتى، ۋەسسەلاتىل قائىمەتى، ئاتى سەييىدەنا مۇھەممەدەن ئەلۋەسىلەتە ۋەل فەزىيلەتە، ۋەبئەسھۇ مەقامەن مەھمۇدەن ئەللەزى ۋەئەدتەھۇ)نى ئوقۇپ دۇئا قىلىش سۈننەت(مەزكۇر دۇئانىڭ تەرجىمىسى تۆۋەندىكى ھەدىستە بېرىلدى).

جابىر ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن: ‹ئى كامىل ئەزانىنىڭ ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا جەننەتتىكى يۇقىرى ئورۇننى ۋە ئالى مەرتىۋىنى بەرگىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا يەتكۈزگىن، دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىدۇ› ››(بۇخارى توپلىغان).


(5) ئەزان بىلەن تەكبىر ئوتتۇرىسىدا دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ھاجەتلىرىگە ئالاقىدار دۇئالارنى قىلىش سۈننەت.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: ‹‹ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا قىلىنغان دۇئا ئىجابەتسىز قايتۇرۇلمايدۇ››(ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان).

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹رەسۇلۇللاھ ماڭا ناماز شامغا ئەزان ئېيتىلغاندا: ‹اللهمّ هذا إقبال ليلك وإدبار نهارك وأصوات دعاتك فاغفرلى› يەنى ‹ئى ئاللاھ، بۇ كۈندۈزۈڭنىڭ قايتىپ، كېچەڭنىڭ يۈزلىنىۋاتقان پەيتىدۇر، ئېيتىلىۋاتقىنى چاقىرغۇچىلىرىڭنىڭ ئاۋازىدۇر، گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن› ›› دەپ دۇئا قىلىشىمنى تەلىم بەرگەن (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

(ئاپتورلار: شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتى تالىپلىرى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرى ئۇيغۇر سوفت«ئەلكاتىپ 5.0» نۇسخىسىدا تىزىلدى ۋە «ئەلكوررېكتور 5.0»دا كوررېكتورلۇق قىلىندى.



# ئىسلام دىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن چەكلەيدۇ

تاھىر ھاجى قادىر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھۆرمەتلىك ئەھلى ئىسلام مۆمىن ـ مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇبارەك قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇركى :

**مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر- بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار(كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ.**

ـــــ سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 71 ـ ئايەت

**ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە"مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن" دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟**

ـــــ سۈرە«فۇسسىلەت»(41 ـ سۈرە)، 33 ـ ئايەت

كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش قۇرئان كەرىمدە " أمر معروف نهي منكر"(ئەمرىمەرۇپ ـ نەھيى مۇنكەر) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، " أمر معروف نهي منكر" دىنىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەشەببۇسلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ مەسىلە قۇرئان كەرىمدە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىدە ناھايىتى كۆپ تەكىتلەنگەن بولغاچقا بىر قىسىم ئۆلىمالار بۇنى ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلىغان.

بىز قۇرئان كەرىمنىڭ "أمر معروف نهي منكر" ھەققىدىكى خىتاب ۋە بېشارەتلىرىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي روھىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىنسانلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا، ھەرقانداق يامان ئىشلاردىن يېنىشقا، ھەققە بويسۇنۇشقا، ھەققانىيەتنى قوللاشقا، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشكە، ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىپ جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشقا ئىزچىل تەرغىب قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

بىز مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ۋە شانلىق بىر دىنىنىڭ ئېتىقادچىلىرى بولغان ئىكەنمىز، ئېتىقادىمىزنى مۇستەھكەملەپ، ياخشى ـ يامان، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشىمىز، ئىمان، ئېتىقادىمىزنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ياخشى

ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىپ، ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەردە باشلامچىلاردىن بولۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم .

**1-ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەت ئۈچۈندۇر**

جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكى، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئالەمدە ھەم سائادەتمەنلەردىن بولۇشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار يېتەكچىلىرىنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھنىڭ ھەق يولىنى ۋە ياخشى ئىشلارنى تەرغىب قىلىپ، يامان ئىشلارنى توسۇشى پەرزدۇر. يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتماسلىق، يامان ئىشلارغا ئورتاق قارشى تۇرماسلىق، بىر پۈتۈن خەلقنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە، مەئىشەتلىرىدىن بەرىكەتنىڭ، تۇرمۇشىدىن خاتىرجەملىكنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان چوڭ گۇناھدۇر. قۇرئان كەرىمدە شۇنداق دېيىلىدۇ:

**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.**

—سۈرە«ئال ئىمران»(3 - سۈرە)، 104 - ئايەت

ئەگەر بىز يۇقىرىدىكى ئايەتنى كەرىمەنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈملەرنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى بايقايمىز:

1 . ”**بىر جامائە بولسۇن**“ دېگەن سۆز، بۇيرۇق مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنىڭ ”پەرز كۇپايە“ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

2 . ”**مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**“ دېگەن سۆز، بۇ ۋەزىپىنى ئىخلاس بىلەن بېجىرگەن بەندىلەرنىڭ ئىككىلا ئالەمدە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3 . ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ”**مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەر**“دىن ئىكەنلىكى ئەنە شۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا دەرىجىسىنىڭ ۋە پەزىلىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنىڭ پەزىلىتى تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھەدىستە تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەنگەن:

**سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.**

—سۈرە«ئال ئىمران»(3 - سۈرە)، 110 - ئايەت

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**كىمكى ھىدايەتكە چاقىرسا ئۇ ئادەمگە شۇ ھىدايەتكە ئەگەشكەن ئادەمنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نېمە كېمەيتىلمەستىن ئەگەشكۈچىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ ۋە كىمكى گۇمراھلىققا چاقىرسا، چاقىرغۇچى ئادەمگە شۇ گۇمراھلىققا ئەگەشكەن كىشىنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن ئۇنىڭغا گۇناھى بولۇپ تۇرىدۇ**“( مۇسلىم توپلىغان) .

ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش شۇنداق ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ئەمەلكى بۇ ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ بەندىلىرىدىن بولغان، ئاللاھ ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن تاللىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولغان ئىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ شەرەپتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

**ئېيتقىنكى، ”بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن“.**

—سۈرە«يۇسۇف»(12 - سۈرە)، 108 - ئايەت

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىس بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى: مۇسۇلمان دېگەن ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى ئەڭ ياخشى ئۈممەت بولۇپ، ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان بارلىق جەمئىيەت

ئەزالىرىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر قىلىپ ئىككى دۇنيادا بەختىيار قىلىشنى كۆزلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنى ھەق يولغا دەۋەت قىلىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا تەرغىب قىلىپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، يامان ئىشلاردىن سەسكەندۇرىدۇ ۋە چەكلەيدۇ. مۇسۇلمان دېگەن يەنە شۇنداق كىشىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ بىلىدۇ، ھېچقانداق بىر جانغا ئۆزىنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ.

قېرىنداشلار! كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش بىزگە شان ـ شەرەپ ۋە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلگەندەك، ئۇنى تەرك ئېتىش بىزگە بەختسىزلىك ۋە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

قۇرئان كەرىم بىزگە ئۆزىنىڭ پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ، گۇناھ ـ مەئسىيەت پاتقىقىغا پاتقان، ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى بولمىغان، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئۇنۇتقان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشنى تاشلاپ قويغان، نەتىجىدە جەمئىيىتى خاتىرجەمسىزلىنىپ، تەرتىپ ـ تۈزۈملىرى بۇزۇلغان بىر تۈركۈم ئىنسانلارنىڭ قانداق ھالاك قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، بىزگە ئىبرەت بولسۇن دەپ، شۇنداق دەيدۇ:

**(بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەر بىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (مال ـ مۈلكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق، ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى.**

——سۈرە «ئەنكەبۇت» (29 ـ سۈرە)، 40 ـ ئايەت



**سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى؟ ئۇلار ئارىسىدىن بۇزۇقچىلىقنى توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن ئازغىنا كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلاشتى، ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردۇر. پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ياخشى بولغان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ.**

——سۈرە «ھۇد» (11 ـ سۈرە)، 116 ــ 117 ـ ئايەتلەر

بىز يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەككى: كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن چەكلەش ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى بەخت ـ سائادىتىگە توغرا يولنى تېپىپ مېڭىش ياكى ماڭالماسلىقىغا، ئۇنىڭ خاتىرجەم ياشاش ياكى ياشىيالماسلىقىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن مۆھىمى تۆۋەندىكىدەك خاتالىق ۋە ئازغۇنلۇقلارنىڭ سادىر بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ:

1. يامان ئىشلارنى توسۇش ئىمكانىيىتى تۇرۇقلۇقمۇ سۈكۈت قىلىشنىڭ ئۆزى گۇناھ ئىشنى قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى بۇ ھالەتتە توسۇش ۋە ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ.

2. يامان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىشنىڭ ئۆزى، گۇناھنى شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق بولۇپ، بۇ ئىماندىكى ئاجىزلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىسىدۇر.

3. يامان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش، بۇزغۇنچى ئاسىيلارغا، پاسىقلارغا تېخىمۇ كۆپ گۇناھ قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىك بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتتە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆچىيىپ، كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئاشىدۇ ـ دە، ئاخىرىدا ياخشى كىشىلەر ئاجىزلاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايدىغان، قەدەمدە بىر زوراۋانلارنىڭ زوراۋانلىقىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاخىرىدا بۇ خىل ناچار خاھىش ۋە ناچار ئىستىل پۈتكۈل جەمئىيەتكە ۋابادەك يامراپ جەمئىيەتكە ۋە جەمئىيەتتىكى ھەربىر كىشىنىڭ بېشىغا ئېغىر بالايى قازا بولۇپ شەكىللىنىدۇ ـ دە، كىشىلەر خاتىرجەم ھالدا يولدىمۇ ماڭالماس ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

4. يامان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش ۋە ئۇنى توسماسلىق نەتىجىسىدە ئىلىم ۋە ئىلىم

ئەھلىلىرىنىڭ تەسىرى سۇسلايدۇ. نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق كۆپىيىدۇ. كىشىلەردىن يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەر كۆپلەپ سادىر بولسا ئىلىم ئىگىلىرى، دىيانەتلىك ۋە پەرھىزگار كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولمىسا، بىلىمسىز نادان كىشىلەر، بۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى گۇناھ بولىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ئىشنى دورايدىغانلار، تەقلىد قىلىدىغانلار تېخىمۇ كۆپىيىپ بۇزغۇنچىلىق ۋە گۇناھ مەئسىيەتنىڭ يىلتىزى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بارىدۇ. بۇ خىل ھالەتتە بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشلارنى ئاۋام خەلق ئىبادەت ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ چاغدا بۇنىڭ خەتىرى تېخىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە بىر مۇسۇلماننىڭ ھارامنى ھالال، ناھەقنى ھەق دەپ ئېتىقاد قىلىشى ئۇنى ئىماندىن ئايرىيدىغان ئەڭ چوڭ ۋە ئېغىر جىنايەتتۇر.

يامان ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش ئۇنىڭغا بىپەرۋالىق قىلىش خاھىشىنىڭ نەتىجىسىدىن بولسا كېرەك، ھازىر بەزى بىر دىندا ھېچ ئاساسى يوق، خۇراپىي، چاكىنا ئادەتلەر تەنقىد قىلىنسا ئۇلار دەلىل كۆرسىتىپ: "سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن، پالانى داموللام، پوكۇنى ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ دەۋرىدىمۇ مۇشۇنداق قىلاتتۇققۇ، ئۇلار ئەجەب توسماپتىكەنغۇ" دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرگىز ئىلمى پوزىتسىيە ئەمەس. بەلكى نادانلىقنىڭ يەنى بىلمەسلىكنىڭ ئىپادىسى.

يامان ئىشلارنى توسۇش ئىمكانىيىتى تۇرۇقلۇقمۇ توسماسلىق ئەنە شۇنداق خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىنسانلارنىڭ بېشىغا مەنىۋى ۋە ھېسسىي ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ ۋە ھەرخىل كۈلپەتلەرنىڭ كېلىشىگە سەۋەب بولغان.

بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى: كىشىلەر مۇپتىلا بولغان ئازاب ئوقۇبەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىقى، ئەڭ دەھشەتلىكى مەنىۋى جەھەتتىكى ئازاب بولۇپ، بۇ ئازاب ئاشۇ خەلقلەردە قەلبىنىڭ ئۆلىشى، مەنىۋىيەتنىڭ يىمىرىلىشى ھېسابلىنىدۇ. نېمىنىڭ ياخشىلىق، نېمىنىڭ يامانلىق، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇش، روھى جەھەتتىن يىمىرىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق كىشىلەر ئەڭ ئالدى بىلەن نەپسى ئاۋارىچىلىقى ۋە ماددىي مەنپەئەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى نەتىجىسىدە ئۆزىنىڭ بارلىق قەدىرىيەتلىرىنى، مەنىۋى ۋە روھى ئۇستۇنلۇكىنى ئويگايلا بەربات قىلىپ تاشلايدۇ.

ھېسسىي ئازاب بولسا پۇل ـ مال، جان، ئائىلە ۋە ئەھل ـ ئەۋلادلارغا كېلىدىغان ياكى دۇنيادا خار ـ زەبۇنلۇق بىلەن، ھېچ قەدىر ـ قىممىتى بولماي، كەمسىتىلىپ ياشايدىغان ئازابتۇر.

كىمكى ئۆزىدە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان ئويغاق قەلب، ئېسىل خىسلەت، يۈكسەك روھى ھالەت يېتىلدۈرمەيدىكەن، يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىمۇ، كۆرمەسكە سالىدىكەن، خاتا سۆز ۋە خاتا قاراشلارغا بىلىپ تۇرۇپ چۈشەنچە ۋە ئىزاھات بەرمەيدىكەن ئۇ گۇناھكار بولۇپلا قالماستىن، سائادەتتىن مەھرۇم بولۇپ ئىككىلا ئالەمدە خارلىق ۋە زەبۇنلۇققا دۇچار بولغۇسىدۇر.

## 2-ياخشى سۆز ۋە ياخشى ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىللىق جەمئىيەت بەرپا قىلايلى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتىدۇركى:

**پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا(يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار(يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن.**

—— سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 125 ـ ئايەت

**ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقربالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلىسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ.**

—— سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 90 ـ ئايەت

ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان

ئىدىم دېگەن :

**”سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن (ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن) ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن (سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق) ئۆزگەرتسۇن. ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا قەلبى بىلەن بولسىمۇ نارازى بولسۇن، ئاشۇ قەلبى بىلەن نارازى بولۇش ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ئىپادىسىدۇر“** (مۇسلىم توپلىغان) .

قېرىنداشلار! يۇقىرىدىكى ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس شەرىفتىن شۇنداق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىزكى: ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسۇش، ھەق تەرەپتە تۇرۇپ ئادالەتنى ياقلاش، ھەق سۆز، ھەق ئىشنى داۋىللىق بىلەن، ئاللاھدىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئورۇنداش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ شەرەپلىك بۇرچىدۇر. ئىمان - ئېتىقادى كۈچلۈك كىشىلەر ئەنە شۇ پەزىلەتلەرنى ئادا قىلىۋالغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدۇ. چۈنكى ئۇلار ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ خىسلەتنىڭ ھەقىقىي مۆمىن مۇسۇلماننىڭ بىر خىسلىتى ۋە مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى، دەل مانا مۇشۇ خىسلەت بىلەن خەلق خاتىرجەم، جەمئىيەت ئىللىق بولىدىغانلىقىنى، مۇھىمى ئەنە شۇ ئۇلۇغ خىسلەتنىڭ خەلق ئىچىدە يىلتىز تارتىشى، جەمئىيەتتە ئومۇملىشىشى ۋە قوللىشىشى ئارقىلىق بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرى بەخت - سائادەتكە مۇشەررەپ بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

ئەھلى جامائەت! جەمئىيەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ۋە ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىمان - ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلامىي ئەخلاق پەزىلەتلىرىمىزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتمەكتىمىز. ئىمان - ئېتىقاد بولسا ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىشتۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراقتۇر. بىز مۇسۇلمانلار بۇ جەھەتتە تولىمۇ مول، تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارغا ئىگە. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىمىز: مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن بۇ مەنىۋىيىتىمىزنى نۇرلاندۇرۇشىمىز، ئۇنى چىن ئېتىقادىمىز بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئۈلگە تىكلىشىمىزدە.

بىز ياخشى سۆز ۋە ياخشى ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىمىزنىڭ نېمىلەرگە بۇيرۇپ، نېمىلەردىن توسىدىغانلىقىنى، نېمىلەرنى مەدھىيىلەپ، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز، شۇنىڭدەك بۇ دىننىڭ ئاساسىي نىشان ۋە مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز تولىمۇ مۇھىمدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمات ۋە تەشەببۇسلىرى ئىنسان ھاياتىنىڭ، كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىنىڭ قانداق بولۇشىنى، ياراتقۇچىنى قانداق تونۇپ، ئۇنىڭغا قانداق ئىبادەت قىلىشنى بىزگە تەلىم بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز دىنىي قېرىنداشلىرى بىلەن، شۇنىڭدەك مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن، ئۇنىڭدىن قالسا جانلىق ۋە جانسىزلار بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇلار بىلەن قانداق قىلىپ تىنچ بىللە ياشاش، تەبىئەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق ساھەلەردە تەپسىلىي ھۆكۈم ۋە كۆرسەتمىلەرنى بېرىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى بارلىق تەشەببۇس ۋە بەلگىلىمىلەر ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى، ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادىتىنى كۆزلىگەن بولۇپ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكەتتە راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ئىقتىسادچىل بولۇش، سودا - سېتىقتا، مۇئامىلىدە ئادىل بولۇش، ھالال كەسىپ قىلىش، پاك ياشاش، ئەمگەكنى، مېھنەتنى سۆيۈش دېگەنگە ئوخشاش ياخشى ئىش، ياخشى خىسلەتلەرگە تەرغىب قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ جېنىغا، مال - مۈلكىگە، ئىززەت - ئابرۇيىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش، ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىش، پاھىشىۋازلىق، قىمارۋازلىق، شارابخورلۇق، يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، سۇخەنچىلىك، غەيۋەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك، ئىسراپخورلۇق دېگەنگە ئوخشاش ناچار خاھىش،

ناچار خۇلۇقلاردىن چەكلەيدۇ. مانا بۇ ئىسلام روھى ۋە ئۇنىڭ پارلاق تەشەببۇسلىرىدۇر.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى ئۇزۇندىلەر سۆزىمىزنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئاللاھ تائالا مەرھەمەت قىلىپ ئېيتىدۇركى:

**ساڭا بىز كىتابنى(يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق.**

—سۈرە«نەھل»(16 - سۈرە)، 89 - ئايەت

**شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.**

—سۈرە«نىسا»(4 - سۈرە)، 58 - ئايەت

**بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار.**

—سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 188 - ئايەت

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشى ئىش ۋە گۇناھ ئىش توغرىسىدا سورىدىم: **"ياخشى ئىش دېگەن گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ دېگەن كۆڭلۈڭگە شەك پەيدا قىلغان ۋە باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنى سەن ياقتۇرمىغان ئىشتۇر"** دېدى (مۇسلىم توپلىغان). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ھەسەت قىلىشماڭلار ۋە باھانى ئېگىز - پەس قىلىپ خېرىدارنى ئالدىماڭلار. دۈشمەنلەشمەڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈشمەڭلار. سىلەرنىڭ بەزىڭلار، بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن. ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە ھاقارەتلىمەيدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە تاشلاپ قويمايدۇ. تەقۋالىق مانا بۇ يەردە"** دەپ ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگە ئۈچ قېتىم ئىشارەت قىلدى. ئاندىن: **"بىر كىشىنىڭ يامان ئىكەنلىكىگە مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىشلا كۇپايە قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە ئابرويىغا تېگىش ھارامدۇر"** دېدى(مۇسلىم توپلىغان).

مىقداد ئىبنى مەئدىي كەرىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھېچ بىر كىشى ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق يېگەن تائامدىنمۇ ياخشىراق تائام يېمەس، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق يەيتتى"**(بۇخارى توپلىغان).

ئەھلى جامائەت! مانا بۇ، پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئىسلام دىنى. مانا بۇ بىزلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەرىمىز، ئەڭ زور مەنىۋى بايلىقىمىز. ۋەھالەنكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، نېمە ئۈچۈندۇركى بۇ قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىمىزدىن، قەدىرىيەتلىرىمىزدىن، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىمىزدىن كۈندىن - كۈنگە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلمايۋاتىمىز. خەلقىمىز، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە ئىنسان تىلىغا ئېلىشتىنمۇ ئەيمەنگۈدەك جىنايەتلەر سادىر بولىدىغان بولۇپ كەتتى. نۆۋەتتىكى ئىقتىسادى رىقابەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئۆزىنى خېلى تەقۋادار چاغلايدىغانلارمۇ مەنپەئەت ئالدىدا تېڭىرقاپ قالماقتا، باشقىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا قول ئۇزاتماقتا. ئەتكەسچىلىك، ساختىپەزلىك ۋە كۆز بويامچىلىق قىلىشماقتا. سودا - سېتىقلىرىمىزدا، ئۆزئارا مۇئامىلىلىرىمىزدە ئىسلامي ئەخلاق مىزانلىرىمىزدىن كۈندىن - كۈنگە يىراقلاشماقتىمىز. بىز ئاللاھ تائالانىڭ "كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىش، باشقىلارنى بوزەك قىلىش، زۇلۇم سېلىش"تىن ئىبارەت قىلمىشلارنى ئەسلا مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. بەزىلەر بولسا زەھەر سودىسى قىلىش، باللار ۋە قىزلارنى ئالداپ ئاپىرىپ سېتىشتىن ئىبارەت ئاقىۋەتتە ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ خانىۋەيران قىلىدىغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلماقتا. يەنە بەزىلەر بولسا توپا تاتىلاپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان دېھقان قېرىنداشلىرىمىزنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۇلارنىڭ يانچۇقىنى كولاپ، تەپ تارتماستىن ئۇلار بازارلىق ئۈچۈن ئەكىلىپ ساتقان ئىككى چارەك بوغدايىنىڭ، ياكى بىر ئىككى توخۇنىڭ پۇلىغىمۇ ئىبلىس قولىنى

سوزۇپ يانچۇقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋېلىۋاتىدۇ. ئەمما بىزنىڭ ئەتراپتا بۇ خىل جىنايى قىلمىشلارنىڭ سادىر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بىرمۇنچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سېلىۋاتىدۇ، بۇ ئىشلارنى ھېچ بولمىغاندا ئاغزى ئارقىلىق توسۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوغرى، يانچۇقچىلارنىڭ تۇپلىشىپ كېلىپ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقىدۇ. دېمەك، بۇ جايدىكى ئۈچ ياكى تۆت يانچۇقچىنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ئونلىغان، يۈزلىگەن ھەتتا مىڭلىغان ئىتتىپاقسىز مۇسۇلمانلارنى قورقۇتىۋاتىدۇ.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! قېنى بىزدىكى ئىمان؟ قېنى بىزدىكى ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش روھى؟ قېنى بىزدىكى ئىتتىپاقلىق؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئاشۇ ئوغرى يانچۇقچىلارچىلىك ئىتتىپاقلىشالمايمىز؟ ھەق ۋە ئادالەت بىز تەرەپتە ئەمەسمۇ؟ بىز ھەق يولدا تارتقان ھەربىر ئەزىيەت ۋە كۈلپەتلىرىمىزنىڭ بەدىلىگە ئاللاھتىن ھەسسىلەپ ئەجىر ساۋابقا ئېرىشىمىز ئەمەسمۇ؟ ئاگاھ بولايلىكى! ئەگەر بىز يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ناچار روھى ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتمەيدىكەنمىز پەيغەمبىرىمىز مۇنۇ ھەدىسىدە كۆرسەتكەن ئەھۋالغا دۇچار بولىشىمىز مۇقەررەردۇر:

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:" **جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشىڭلار لازىم، ئۇنداق قىلمىساڭلار ئاللاھ سىلەرگە يېقىندىلا ئازابنى ئەۋەتىدۇ. ئاندىن سىلەر ئاللاھقا دۇئا قىلىسىلەر - يۇ دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ**"(تىرمىزى توپلىغان).

بىز شۇنى ئىسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى: جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق بۇزغۇنچىلىقنى ۋە ناھەقچىلىقنى توسۇش، ئۇنىڭغا دادىل قارشى تۇرۇش، كېلىشمەسلىكلەرنى پەم - پاراسەت بىلەن ھەل قىلىپ كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مېڭىش ئومۇمىي خەلقنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك جازالىشىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىنىڭ كاپالىتىدۇر. خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئاشۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر بىر شەخسنىڭ ئەڭ زور مەنپەئىتىدۇر. بىز ياخشى سۆز ۋە ياخشى ئىش - ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىشىمىز، ئۆز - ئۆزىمىزدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشىمىز، ياخشى ئىشلاردا ئۆزىمىز باشلامچى بولىشىمىز، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ھەققانىيەتنى قوللىشىمىز، سېنى مەن بىلەن بىر گوردا قويامتى دېگەنگە ئوخشاش، دىنىمىزنىڭ روھىغا خىلاپ ئىدىيىدىن يىراق بولۇپ، خەلقنىڭ ئىمان - ئېتىقادىنى، مەنىۋىيىتىنى چىرىتىدىغان، ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ئەمىنلىكىنى بۇزىدىغان، ئۇلارنىڭ مېلىغا، جېنىغا، ئىززەت - ئابرويىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق سۆز ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ياخشى سۆزنى ئاڭلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان بەندىلەردىن قىلسۇن. بارچىمىزنى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا ئەزىز، مۇكەررەم قىلسۇن. ئامىن!

(ئاپتور:شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۇستازى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

**ئىسلامىي كىتاب خەۋىرى**

ژۇرنىلىمىز باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى نەشرگە تەييارلىغان ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى جەۋھەرلىرى —— «ھىدايەت گۈلزارى»نىڭ 1 - توپلىمى نەشردىن چىققاندىن كېيىن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ ناھايىتى تېزلا تۈگەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مىللەتلەر نەشرىياتى 2 - نۆۋەت قايتا بېسىپ تارقاتتى. شۇنداقلا، ژۇرنىلىمىزدىكى نادىر ئەسەرلەرنىڭ 2 - توپلىمىمۇ نەشرگە تەييارلىنىپ نەشرىياتقا تاپشۇرۇلدى. پات يېقىندا نەشردىن چىقىپ تارقىتىلغۇسى—— ئىنشائاللاھ!

# ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ئىسلام ئەخلاقى*

ئابدۇرەقىپ ئابدۇغېنى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## 4. ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ مۆتىدىللىك خۇسۇسىيىتى

ئىسلام ئىقتىسادىدىكى ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ يەنە بىرى، مەسىلىلەردە مۇۋازىنەتنى ساقلاشتۇر. ئىنسان قامىتى ئۇنىڭ جىنى — روھى ئارقىلىقلا ئۆرە بولغىنىدەك، بارلىق (ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي) تۈزۈلمىلەردە ئۇنى باشقىسىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان روھتەك بىر ماھىيەت بولىدۇ.

ئىقتىساد ئىسلام ئەندىزىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئىسلام ئىقتىسادى مۆتىدىللىك ۋە ئادىل مۇۋازىنەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلامدىن ئىبارەت مۇكەممەل ھاياتلىق ئەندىزىسىنىڭ بىر تارمىقىدۇر. ئىسلام ئەندىزىسى دۇنيا تىرىكچىلىكى بىلەن ئاخىرەت ئىشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، شەخس بىلەن جەمئىيەت مۇئامىلىلىرىنى، ھەر بىر شەخسكە نىسبەتەن ئۇنىڭ تېنى بىلەن روھىيىتى، ئەقلى بىلەن قەلبى، ئارزۇ-ئارمىنى بىلەن نەق رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى قارىماققا زىددىيەتتەك كۆرۈنىدىغان، ماھىيەتتە بولسا ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىنى كەم كۈتىسىز ھەل قىلغان.

ئىسلام ئەندىزىسى ئۇقۇمنەزىرىدە، دۇنيادىكى بارلىق بىر-بىرىنى تولۇقلاش ماھىيىتىدە پەرقلىنىدۇ. مەۋجۇداتلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى بەزىلەر ئېيتقاندەك زىددىيەت مۇقەررەرلىكى ئەمەس. شۇڭا، ئەنە شۇ مۇكەممەل ئەندىزىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئادىل مۇۋازىنەتنى ۋە ئىقتىساد مۇئامىلىرىغا ئەڭ مۇناسىپ يېشىملەرنى بايقايمىز.

ئىسلام ئىقتىسادى كاپىتال بىلەن ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال قىلىش، تۈرلۈك مەھسۇلاتلار بىلەن ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ۋاستىچىلەر بىلەن ئىستېمالچىلار، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر ئارىسىنى ئادىل مۇۋازىنەت بىلەن تارتۇقلايدۇ.

ئىسلام ئىقتىسادىدىكى مۆتىدىل، ئادىل مۇۋازىنەتنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تەرەپلىرى:

1) پۇل-مال، ماددىي مەئىشەت ۋە دۇنيا لەززەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلغان تۈرلۈك پىرقىلەر، پەلسەپىۋى ئېقىملار بىلەن پۇل-مال قاتارلىق دۇنيا لەززەتلىرىنى ئىلاھىي دەرىجىگە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاپ قارايدىغان، ئەس-يادى پۇل-مالدىن ھالقىمايدىغان بىر تەرەپلىمە پىكرىي ئېقىملارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ پۇل-مال بىلەن مۇناسىۋەتلىشىدۇ.

*باش قىسمى ئۆتكەنكىساندا

2) خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ تەرغىپ قىلىدىغان، كىشىلىش مەنبەسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خۇسۇسىي مۈلۈكدارلارنى زىيادە ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىپ، مەجبۇرىيەت ـ مەسئۇلىيەتتىن خالىي دېگۈدەك، ھوقۇق ـ مەنپەئەتكىلا بېرىلىپ ئۆزنى مال ـ دۇنيانىڭ ئىستىمالچىسىغا ئەمەس، ئىستىمال ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈملەر بىلەن خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە جەڭ ئېلان قىلغان، ئۇنى بارلىق شۇملۇق ـ رەزىللىكنىڭ ۋە زۇلۇمنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدىغان، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە خاتىمە بېرىپ خۇسۇسىي مۈلۈكدارلارنى جەمئىيەتتىن سۈپۈرۈپ تازىلاشنى نېگىزلىك پرىنسىپى قىلىۋالغان ئىقتىسادىي سىستېمىلارنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ ئىنسانىي كامىللىقنى ۋە جەمئىيەت پاراۋانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق ماھىيەتلىك تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ماس قەدەملىك رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرىدىغان يېشىمنى ۋە رېئال شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

3) كىشىلەر ئارىسىدىكى قابىلىيەت، زەكىيلىك...قا ئوخشىغان ئىستىدات پەرقلىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇتلۇقى ئېتىراپ قىلىنغان. بۇ پەرقلەرنى مەلۇم ئىجتىمائىي فورماتسىيە كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ئىزاھلاش قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بولالمايدۇ.

ئەمگەك ـ مۈلۈكچىلىك ۋە مۈلۈكچىلىككە ئالاقىدار ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ئاساسىدۇر.

دېمەك، كىشىلەرنىڭ بايلىق توپلاشتىكى پەرقىگە يول قويۇلىدۇ. ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي ئادالەتتىن مەقسەت، كىرىمدە باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا تۇرمۇش سەۋىيىسىدە دەرىجىلەرگە ئايرىلغان، ئەمما ئادىل مۇۋازىنەتتىن بالقىغان كوئوردىناتنى ھاسىل قىلىشتۇر.

ئىسلام تارىخىدا مەزكۇر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، ئىسراپچىلىقنى چەكلەش ۋە زاكات ـ ۋەقفلەرنى يولغا قويۇش بىلەن تۇرمۇش سەۋىيىسىنى "يۇقىرىنى بېسىش، تۆۋەننى يۆلەش" ئارقىلىق تەڭشەش ئېلىپ بېرىلدى.

مانا بۇ ئىسلامنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى توغرا ۋە مۆتىدىل يولىدۇر. مانا بۇ ساھابى كىراملارنىڭ ئاللاھتىن ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى رەسۇلۇللاھتىن قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزلەشتۈرگەن مۇستەقىم يولىدۇر. شۇڭمۇ ساھابىلەر رېئالىيەتنىڭ ماتورىغا ئايلانغان دىن ئىچىدە، دىنىنىڭ ئىجرائىيەت مۇھىتىغا ئايلانغان رېئاللىق ئىچىدە ياشىيالىدى ۋە بىزگە: **"مەڭگۈ ياشايدىغاندەك تىرىكچىلىك قىل، ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل"** دېگەندەك تالاي ھېكمەتلەرنى قالدۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) تەك كاتتا سودىگەرلەر، زەردارلار بارئىدى. ئەبۇ دەردا ۋە سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردەك غورىگىل تۇرمۇشتىنمۇ قانائەت ۋە سائادەت ھېس قىلالايدىغان زاھىتلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئاللاھنىڭ دىنىنى دەۋەت قىلىش، جايلارغا تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان. دېمەك ساھابىلەر ئەينى دەۋردە مەككە جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھە, ھەر قاتلام كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقاچقا، ئىسلام دىنى ھەر قايسى ساھە ـ قاتلاملاردا تېزلا تارقىدى ۋە ئۆزلەشتى، شۇنداقلا دىنىنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە مەڭگۈلۈكلىكى ئەمەلىي رېئاللىق ئارقىلىق ئىسپاتلاندى.

مال ـ مۈلۈك ھاياتلىق زىنىنىتى ۋە كىشىلەرنىڭ سەرمايىسىدۇر. ئىسلام كىشىلەرگە ھاياتلىقنىڭ پاك ـ ھالاللىرىدىن بەھرە ئېلىشنى يوللۇق قىلدى. شۇنداقلا پاك مەنبەلىك ئىقتىسادنى تۇرمۇشنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈشتە، ئاللاھ بىلەن بولغان خۇسۇسىي ئالاقىنى كۈچەيتىشتە، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتا مۇھىم تايانچ قىلدى. مال ـ دۇنيا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىكەن، ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىمۇ ئەلۋەتتە ياخشىلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مال ـ مۈلۈك ھەردائىم مال ئىگىسىگە ئازاب بولۇشى ناتايىن. بەزى بىر تەرەپلىمە پىرقىلەر ئېيتقاندەك: "مال ـ مۈلۈك يامان روھلارنىڭ بەخشەندىسى" ئەمەس، بەزى زاھىتلار ئېيتقاندەك :"نامراتلىق سالىھلارنىڭ شۇئارى" ئەمەس. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مال ـ

مۇلۇكنى''ياخشىلىق'' دەپ ئاتىدى.

**ئىنسان پۇل-مالغا ئىنتايىن ھېرىستۇر.**

— سۈرە «ئادىيات»(100 ـ سۈرە)، 8 ـ ئايەت

ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ئىنسان تەبىئىتىدۇر. ئىنسانلار ۋە جىنلارغا نازىل قىلىنغان ئىسلام دىنى ئۆز ئەھكاملىرىدا ئىنسان تەبىئىتىنى چەكلەش قىلغاندۇر. ئىسلام بايلىقنى ياخشى ئەمەللەر بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە يېتىشتە توسالغۇ قىلىپ قويمىدى، بەلكى ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنى موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرغانلىقنى نېمەت قاتارىدا تىلغا ئالدى.

**سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟**

— سۈرە «زۇھا»(93 ـ سۈرە)، 8 ـ ئايەت

رەسۇلۇللاھ: **''ئى ئەمرۇ، ياخشى كىشىنىڭ ياخشى مېلى نېمە دېگەن ياخشى!''** دېگەندى. قۇرئان كەرىمدە تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقى ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ كۆپلۈكى ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىن ـ تەقۋادار بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ سالىھ ئەمەللىرىگە يارىشا ئاتا قىلغان مۇكاپاتى ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك نامراتلىق، ئاچلىق، غۇربەتچىلىكنىڭ ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرى ئىچىدىن توغرا يولدىن چەتنىگەنلەرگە دۇنيادا تېتىتىدىغان ئازابى بولۇش مۇمكىنچىلىكى قەيت قىلىنغان. ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنىڭ باشلىنىشى بولمىش ئادەم ۋە ھەۋۋانىڭ ئاچ ـ يالىڭاچ قالمايدىغان، جاپا تارتمايدىغان جەننەتتىن، ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلمىسا بولمايدىغان دۇنياغا(يەر يۈزىگە) چۈشۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا) ئېيتتى: ''سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ. كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار(يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى بىز ئۇنى كور قوپۇرىمىز.**

— سۈرە «تاھا»(20 ـ سۈرە)، 123 — 124 ـ ئايەتلەر

يەنە نۇھ ئەلەيھىسسالام تىلىدا مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن سىلەر ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكىدىن قورقمايسىلەر؟**

— سۈرە «نۇھ»(71 ـ سۈرە)، 11 — 13 ـ ئايەتلەر

**... كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ ...**

— سۈرە «تەلاق»(65 ـ سۈرە)، 2 — 3 ـ ئايەتلەر

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى، مەزكۇر ئايەتلەردە زىكىر قىلىنغان قەۋم ـ جامائەتلەرگىمۇ، باشقا ھەر بىر شەخسكىمۇ ئوخشاشلا تەتبىقلىنىدۇ.

دېمەك، مال ـ مۈلۈك ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى، مەمۇرچىلىقنىڭ ئاساسى، ئىنسانىيەت مەنپەئەتلىرىنىڭ تۈرتكىسى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر.**

— سۈرە «كەھف»(18 ـ سۈرە)، 46 ـ ئايەت

ماددىي پاراغەت مال ـ مۈلۈك بىلەن ۋايىغا يەتسە، پەرزەنت بىلەن ئىنسانىي تۇرمۇش ھەقىقادىغا يېتىدۇ. ئىسلام مال ـ مۈلۈكنى قوغداشقا بۇيرۇپ، ئۇنى ئىسراپ قىلىشنى ھارام قىلدى. ھەتتا ئۆز مال ـ مۈلۈكنى ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چاچقۇچىلارنىڭ ئۆز مال ـ مۈلۈكلىرىدىكى تەسەررۇپ ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش چارىسىنى يولغا قويدى. چۈنكى ھەر بىر شەخسنىڭ مال ـ مۈلۈكىدە شۇ كىشى مەنسۇپ بولغان جامائەتنىڭ ھەققى بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە كىرىم ـ چىقىمىغا يارىشا، مۇناسىپ رەۋىشتە خىراجەت قىلغۇچىلار مەدھىيىلەنگەن:

**ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ.**

— سۈرە «فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 67 ـ ئايەت

ئىسراپخورلار ئەيىبلەنگەن:

**ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ**

**قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغاندى.**

—— سۈرە «ئىسرا»(17 - سۈرە)، 27 - ئايەت

قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئايەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرنى تەرتىپكە سېلىش، قوغداش، ساقلاش، جۈملىدىن، ئۆزئارا ئېلىم - بېرىم قىلىشقاندا يېزىپ خاتىرىلەش، گۇۋاھچىلارنى ھازىرلاش، گۆرۈگە نەرسە قويۇشتەك ئىنچىكە تەپسىلاتلار ھەققىدە نازىل قىلىنىشى، ئىسلام نۇقتىئىنەزىرىدىكى ئىقتىسادنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر( سۈرە «بەقەرە»(2 - سۈرە)، 282 - ئايەتكە قاراڭ).

ئاتاقلىق مۇپەسسىر قۇرتۇبى ھەزرەتلىرى مەزكۇر ئايەتنى تەپسىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئاللاھ تائالانىڭ ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرنى يېزىپ خاتىرىلەش، نەق مەيداندا گۇۋاھچىلارنى ھازىرلاش، گۆرۈگە مال قويۇش قاتارلىقلارغا بۇيرۇغانلىقى، مال - مۈلۈكنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئاۋۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا بۇ يەنە بىر قىسىم زاھىتلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ قول ئىلكىدىكى بارلىق مال - مۈلكىنى ئۆزىگە، ئائىلىسىگە يېتەرلىك مىقداردا قالدۇرماستىن سەدىقە قىلىۋېتىپ، ئاقىۋەتتە ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى موھتاجلىقتا قالدۇرىدىغان كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ كىشى قېرىنداشلىرىنىڭ تاپا - تەنىسىگە قالىدۇ يا ئۇلارنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ كۈن ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ ۋە ياكى پۇلدارلارنىڭ خارلىشىغا، مىننەت قىلىشىغا دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ”سېخىيلىق“ ئەيىبلىكتۇر ۋە چەكلەنگەن ئىشتۇر. ئىبنى جەۋزى: ”بىر قىسىم نادان زاھىتلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشىدىن ئەجەبلەنمەيمەن، بىراق، شۇنچە بىلىملىك، ئاقىل كىشىلىرىمىزنىڭمۇ شەرىئەت ۋە ئەقىل تەقەززاسىغا پۈتۈنلەي زىت بولغان يۇقىرىقىدەك خاتا قىلمىشلارنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ۋە باشقىلارنى شۇنىڭغا بۇيرۇغانلىقىدىن ھەيرانمەن“ دېگەن. ئاللاھ تائالا مال - مۈلۈكنى قەدىر - قىممەتلىك قىلدى، ئۇنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەمر قىلدى. مال - مۈلۈكنى ئىنساندىن ئىبارەت ھۆرمەتلىك، ئەزىز يارالمىنىڭ دۇنياۋى تىرىكچىلىكىنىڭ ئاساسى قىلدى، ئۇنداق ئىكەن، مال - دۇنيامۇ ئوخشاشلا ھۆرمەتلىكتۇر ۋە ئەزىزدۇر.

**ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار ...**

—— سۈرە «نىسا»(4 - سۈرە)، 5 - ئايەت

ئاللاھ تائالا مال - مۈلۈكنى قۇرامىغا يەتمىگەن ياكى ئەقلىي جەھەتتىن تولۇق يېتىلمىگەن كىشىلەرگە تاپشۇرۇشتىن چەكلىدى. رەسۇلۇللاھ مالنى ئىسراپ قىلىشتىن چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ:

**”ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئانىلارنى قاقشىتىشنى، قىزلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشنى، (كۆيرەك) قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە بېرىشنى ھارام قىلدى ۋە بىھۇدە سۆز-چۆچەك قىلىشتىن، كۆپ سوئال سوراشتىن، مالنى ئىسراپ قىلىشتىن چەكلىدى“** (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان). يەنە سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: **”سېنىڭ مىراسخورلىرىڭنى ھاللىق-پۇلدار ھالدا تاشلاپ كېتىشىڭ، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ قولىغا قارايدىغان مۇھتاج ھالدا قويغىنىڭدىن ياخشىدۇر“** دېگەن. يەنە: **”ماڭا مال ئەبۇ بەكرىنىڭ مېلىدەك ئەسقاتقان ئەمەس“** دېگەن. كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”ئى رەسۇلۇللاھ، مەن بارلىق مېلىمنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ يولىدا سەدىقە قىلىش ئارقىلىق تەۋبە قىلاي دەيمەن“ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: **”مېلىڭنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزۈڭگە ئېلىپ قالغىن، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر“** دېگەن. ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: ”يۇقىرىقى ھەدىسلەر سەھىھ ھەدىس توپلاملىرىدا بايان قىلىنغان. بۇ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بىر قىسىم زاھىتلار قارىغاندەك ‘مالنى كۆپەيتىش ئازاپتۇر، ئۇنى توپلاش ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا زىتتۇر، مال - دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىش مەتلۇبتۇر، شۇ ۋەجىدىن ئىلگىرىكى ئۇلۇغلار مالدىن نېرى بولغان. يۈز - ئابرۇيلۇق بولۇش ئۈچۈن مال توپلىغاندا، قەلبنى ئۇنىڭ كىرىدىن پاكلاش قىيىنلىشىدۇ، مال بار ئەھۋالدا، ئاللاھنىڭ زىكرى ئازلايدۇ ...‘ دېگەندەك بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا رەددىيە بېرىدۇ“.

مال توپلاش مەسىلىسىگە كەلسەك، كىمكى مەلۇم قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە مال توپلىسا، بۇ تولىمۇ يوللۇق بەلكى مەتلۇب بولغان

ئىشتۇر. بىر كىشى ھالالدىن مال ـ دۇنيا توپلىماقچى بولسا، ئۇنىڭ مەقستىگە قارىلىدۇ. باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ۋە پەخىرلىنىپ كېرىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ تولىمۇ پەسكەش ئىشتۇر. ئەگەر ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ئۆزگىلەرگە موھتاج بولۇشتىن ئىپپەتلىك ساقلىماقچى بولسا، ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن پۇل ـ مال يىغسا، قېرىنداشلىرىغا ياخشىراق قاراش، نامراتلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى كۆڭلىگە پۈكسە، ئۇ كىشىنىڭ مەقستىگە ۋە كۆڭلىدىكى ياخشى ئويلىرىغىمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ. ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ بۇ خىل مەقسەتتە پۇل ـ مال توپلىشى باشقا نۇرغۇن تائەتلەردىن ئەۋزەل بولىدۇ. ئەينى چاغدا نۇرغۇن ساھابى كىراملارنىڭ مال توپلاشتىكى مەقستى ساغلام بولغاچقا، ئۇلارمۇ مال توپلاشقا تىرىشتى ۋە ئاللاھتىن تېخىمۇ كۆپرەك ئاتا قىلىشنى تىلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"... ئى ئاللاھ، ئۇنىڭغا كۆپ مال ۋە پەرزەنت ئاتا قىلغىن، بەرىكەت بەرگىن "** (مۇسلىم توپلىغان). ئەييۇب ئەلەيھىسسالام كېسىلىدىن شىپا تاپقاندا، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئالتۇن چېكەتكىلەر چېچىپ بېرىلدى، ئۇ يانچۇقىنى توشقۇزۇشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا: "ئەمدى قانىدىڭمۇ ؟" دەپ نىدا قىلىندى. ئۇ:"سېنىڭ بەرىكەت ئاتا قىلىشىڭدىن بىھاجەت ئەمەسمەن" دېگەن (بۇخارى توپلىغان).

ئىبنى جەۋزى ئىمام غەززالىنىڭ: "ھالال مالنى تەرك قىلىش، ئۇنى توپلاپ ـ يىغىشتىن ئەۋزەلدۇر" دېگەن سۆزىگە رەددىيە بېرىپ: "زىنھار ئۇنداق بولمايدۇ. نىيەت توغرا بولىدىكەن، مال توپلاش ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بىردەك ئەۋزەلدۇر" دەيدۇ. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: "مال ـ دۇنيا ھەققىدە ئىزدەنمەيدىغان كىشىدە ياخشىلىق يوق، مال بىلەن قەرزىنى قايتۇرىدۇ، ئۆلۈپ كەتسە ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرىدۇ" دېگەن. سەئىد ئىبنى مۇسەييەب **400** دىنار، سۇفيان سەۋرى **200** دىنار مىراس قالدۇرغان. سەلەف ئۆلىمالار ئەزەلدىن مالنى مەدھىيىلەپ كەلگەن ۋە نامراتلارغا ياردەم قىلىش ۋە زامانىنىڭ تۈرلۈك كۆلپەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مال توپلىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارتۇق كۆرۈپ، ئازغىنە مالغا قانائەت قىلىپ ياشىغىنى ھەقىقەت. شۇڭا ئازراق مال بىلەن كۇپايىلىنىش ئەۋزەل دېيىلسىمۇ بىر نۆرى، مال توپلاشنى گۇناھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئەيىبلەش، بەكمۇ چېكىدىن ئاشقانلىقتۇر. قۇرتۇبى ھەزرەتلىرى يەنە: "ئۆز مېلىنى قوغداش يولىدا ئۇرۇشۇشنىڭ يوللۇق بولۇشى مالنى توپلاش ۋە ساقلاشقا ئىشارە قىلىدۇ" دېگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى مالنى قوغداش يولىدا جېنىدىن ئايرىلسا ئۇ كىشى شەھىتتۇر"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

### نامراتلىقنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەش

ئىسلامنىڭ نامراتلىققا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە نامراتلىقنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگەنلىكىدەك ئەمەلىي مىساللار ئىسلامدىكى مالنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە ئىشارە قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: **"... ئى ئاللاھ، بايلىقنىڭ پىتنىسىنىڭ شەررىدىن ۋە نامراتلىقنىڭ پىتنىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن"** دېگەن (بۇخارى توپلىغان). ھەتتا بەزى ھەدىسلەردە نامراتلىقنى كۇفرى بىلەن بىللە تىلغا ئالغان. **"... نامراتلىقتىن ۋە كۇفرىدىن سەن بىلەن پاناھ تىلەيمەن"** (بەيھەقى توپلىغان). رەسۇلۇللاھ يەنە، نامراتلىقنىڭ ئىنساننى ئۆزى خالىمىغان يامانلىققا ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"... سېنىڭ ئوغرىغا قىلغان سەدىقەڭ ئۇنى ئوغرىلىقتىن توسۇشى، پاھىشىگە قىلغان سەدىقەڭ ئۇنى زىنادىن ئىپپەتلىك قىلىشى مۇمكىن"**.

دېمەك، نامراتلىقنىڭ ئوغرىلىق ۋە زىنادىن ئىبارەت قەبىھ گۇناھلارغا چۈشۈپ قېلىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكى چەتكە قېقىلمىغان. دەرۋەقە، نامراتلىقنىڭ ھەرۋاقىت ئەقىدە ـ ئىبادەتكە، ھەتتا كىشىنىڭ تەپەككۇر شەكلى، تەپەككۇر مەزمۇنىغا، كىشىلىك ئەخلاقىغا ھەرقاچان خەۋپ ئېلىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكى باردۇر. بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمدە قەيت قىلىنغان، بىر

قىسىم ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نامرات ھالىتىدىن ياكى كېيىن نامراتلىققا قېلىشىدىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكتۇر.

**ئېيتقىنكى، سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار)، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا - ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز...**

—سۈرە «ئەنئام» (6 ـ سۈرە)، 151 ـ ئايەت

**كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر.**

—سۈرە «ئىسرا» (17 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت

ئايەتتىن چىقىپ تۇرۇپتىكى، ئىقتىساد كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ ھەقىقەتنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن ئايەت ـ ھەدىسلەر، رېئال ۋەقە ـ ھادىسىلەر يېتەرلىك دەلىل بولالايدۇ.

بىزنىڭ ئەيىبلەيدىغىنىمىز، ئىقتىسادنى ھاياتلىقتىكى بىردىنبىر مۇھىم ئامىل ھېسابلاپ، دىنىي ۋە ئەخلاقىي ئامىللارنى ئىنكار قىلىشتۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنساننى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈۋاتقىنى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئەقىدىسىدۇر. بىر قىسىم نەزەرىيىلەردە "ئىقتىساد تارىخنى ئۆزگەرتىدۇ" دېيىلگەن بولسا، ئىسلام: "روھىيىتىڭنى ئىسلاھ قىل، پاكلا، تارىخ ئۆزگىرىدۇ" دەپ جاكارلايدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ زاكون مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

**... ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ ...**

—سۈرە «رەئد» (13 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت

بەزىلەر ئېيتقاندەك مال شۇملۇق ياكى ئازاب ئەمەستۇر، ياكى يەنە بەزىلەر ئېيتقاندەك ئۇ مال ئىگىسىنىڭ قىممىتى، پەزىلىتى ۋە ياخشىلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەستۇر. بەلكى ئاللاھ ئۇنى ئاتا قىلىش بىلەن ئىنسانلارنى خۇددى ئالتۇننى ئوتتا تاۋلىغاندەك سىنايدىغان نېمەتتۇر.

**بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار.**

— سۈرە «ئەنفال» (8 ـ سۈرە)، 28 ـ ئايەت

**ئاللاھ مالنى ياخشى كۆرگەن كىشىگىمۇ، ياخشى كۆرمىگەن كىشىگىمۇ ئاتا قىلىدۇ، ئەمما دىيانەتنى پەقەت ياخشى كۆرگەن كىشىگىلا بېرىدۇ** (ئەھمەد توپلىغان).

ھاسىل كالام، مال ھەرگىزمۇ ئۆزى ماختىلىپ ئۆزى ئەيىبلەنمەيدۇ. بەلكى مال ئىگىسىنى مەغرۇرلىنىشقا، مال ئارقىلىق باشقىلارنى بوزەك قىلىشقا، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈشكە، ھالاللىق چېگرىسىدىن ھالقىپ كېتىشكە سەۋەب بولغاندا، تېگىشلىك جايلارغا ئەمەس، ناھەق يوللارغا سەرپ قىلىنغاندا ئەيىبلىنىدۇ. ئەينى چاغدا مەككىنىڭ نۇرغۇن بايلىرى مال ـ دۇنيالىرىغا ئىشىنىپ، رەسۇلۇللاھقا تەكزىپ قىلدى، ئاللاھنىڭ يولىدا توسالغۇ قۇرماقچى بولۇشتى. ئاللاھ تائالا ئەبۇ جەھل ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

**شەك - شۈبھىسىز، ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (ئاللاھقا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستىنلا ھەددىدىن ئاشىدۇ.**

—سۈرە «ئەلەق» (96 ـ سۈرە)، 6—7 ـ ئايەتلەر

ئايەتتە بايلىق ئۇنىڭ ھەددىدىن ئېشىشىدىكى سەۋەب قىلىنمىغان، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنى باي دەپ مەغرۇرلىنىشى سەۋەب قىلىنغان.

### ئىنسانلار مېلى بىلەن ئەمەس، ئەمەلى بىلەن پەزىلەتلىكتۇر

ئىنسانلار ئۆز ئىلكىدىكى بايلىقى ياكى يۈز ـ ئابرويى، مەنسىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبىگە ئورناشقان تەقۋادارلىقى ۋە ئىخلاسى بىلەن پەزىلەتلىكتۇر. كىشى ھەرقانچە يالاڭتۆش بولۇپ كەتسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تۇرقى، سالاپىتىگە، قامىتىگە ئەمەس، بەلكى قەلبىگە، ئەمەلىگە قارايدۇ. ئىقتىساد بىر قەۋمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچى، گۈللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشىنىڭ، كىرىمى ئېشىپ زور پىلانلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ ئاساسى، تەبىئىي بايلىقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ھەر بىر ئەزانىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى

44

ئاشۇرۇشنى، ئىچكى جەھەتتىن كۆللىنىپ، تاشقى جەھەتتىن ھەيۋىتىنىڭ ئېشىشىنى بەلگىلەيدىغان بارومېترى. بىراق ھەممىلا كىشى مال توپلاشقا كىرىشىپ كەتكەندە ۋە ئەس ـ يادى ئىقتىساد بىلەنلا بولغاندا، بۇنداق ئەھۋالدىكى مال ـ مۈلۈك شۇ قەۋم ئەزالىرىغا خەۋپتۇر. ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە ئەخلاقىغا ئاپەتتۇر. شۇڭىمۇ، رەسۇلۇللاھ: **"ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرگە نامراتلىقتىن ئەندىشە قىلمايمەن. بەلكى مال-دۇنيانىڭ سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە كەڭرى بولغاندەك، سىلەرگىمۇ كەڭرى بولۇپ، ئاندىن سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر (ئۇنىڭدا) بەسلەشكەندەك بەسلىشىشىڭلاردىن، ئاقىۋەتتە ئۇلار ھالاك بولغاندەك سىلەرنىڭمۇ ھالاك بولۇشىڭلاردىن ئەندىشە قىلىمەن"** دېگەن (بۇخارى توپلىغان). دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى ئۇلارنىڭ مۇددىتى ۋە نېمىتىدە سېلىشتۇرغاندا، دۇنيانىڭ قىممىتى ئەرزىمەستۇر. شۇنىڭغا كۆرە ئىلگىرىكى ئۆلىمالار: "ئەگەر دۇنيا تۈگەيدىغان ئالتۇن، ئاخىرەت خورىماس ساپال بولسا، ئەلۋەتتە تۈگەيدىغان ئالتۇندىن خورىماس ساپالنى ئارتۇق كۆرگەن بولاتتىم" دېيىشكەن.

رەسۇلۇللاھ يەنە: **"ھەر بىر ئۈممەتنىڭ پىتنىسى بار، ئۈممىتىمنىڭ پىتنىسى مالدۇر"** دېگەن (تىرمىزى توپلىغان). مالنىڭ پىتنىسى ھەرگىزمۇ ئۇنى يوللۇق توپلاش ۋە ئاۋۇتۇشتا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىشتە، ئۇنى ناھەق تەسەررۇپ قىلىشتا بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام مالنىڭ ھاياتلىقتىكى ھەممە ئەھەمىيىتىنى، كىشىلەرنىڭ جىمى روھىنى، بارلىق تىرىشچانلىقىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئىمان ۋە ياخشى ئەمەل، بۈيۈك روھىيەت، يۈكسەك ئەخلاق يىللار، ئەسىرلەر خورىتالمايدىغان ماھىيەتلىك بايلىقتۇر، يوقالماس خەزىنىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ماللار ۋە باللار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، باقى قالىدىغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ساۋابى پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۈمىد تېخىمۇ چوڭدۇر.**

ـــسۈرە«كەھف»(18 ـ سۈرە)، 46 ـ ئايەت

**سىلەرگە قانداق نەرسە بېرىلمىسۇن، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر، چۈشەنمەمسىلەر؟**

ـــسۈرە«قەسەس»(28 ـ سۈرە)، 60 ـ ئايەت

**(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، "سىلەرگە ئۇلاردىنمۇ (يەنى دۇنيانىڭ زىبۇزىننەتلىرى ۋە نېمەتلىرىدىنمۇ) ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ تەقۋادارلار ئۈچۈن پەرۋەردىگارى ھۇزۇرىدا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بولۇپ، (ئۇلار) جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، (جەننەتلەردە) پاك جۈپتىلەر بار، (تەقۋادارلار ئۈچۈن) يەنە ئاللاھنىڭ رىزاسى بار". ئاللاھ بەندىلىرىنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.**

ـــسۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 15 ـ ئايەت


پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. مۇھەممەد باقىر سەدىر: «بىزنىڭ ئىقتىسادىمىز»، قۇم شەھىرى بوستان نەشرىياتى ھىجرىيە 1381 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 2 ـ بېسىلىشى.

2. يۈسۈف قەرزاۋىي: «ئىسلام ئىقتىسادىدا ئەخلاقنىڭ رولى»، بەيرۇت رىسالە نەشرىياتى. 2002 ـ يىل 1 ـ نەشرى.

3. مۇھەممەد شەۋقى فەنجەرى: «ئىسلام ئىقتىسادى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، قاھىرە ئۇيغىنىش نەشرىياتى، 1985 ـ يىل 1 ـ نەشرى.

4. ئەكرەم زەيدان: «قىمارۋازلار پىسخولوگىيىسى»، كۇۋەيت دۆلەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئايلىق مەجمۇئەنىڭ 2005 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا نەشر قىلىنغان ئەسەر.


5. مۇراد ھوفمان: «چىقىش يولى ئىسلام»، رىياد ئەبىيكان نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 4 ـ بېسىلىشى

6. ئەلى ئىززەت بىگوۋىچ: «ئىسلام شەرق ۋە غەرب ئارىسىدا»، مىسىر ئالىي مەكتەپلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل نەشرى، 2 ـ بېسىلىشى.

7. دۇبەي ئىسلام بانكىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان ئايلىق كەسپى ژۇرنال «ئىسلام ئىقتىسادى»نىڭ 2004 ـ، 2005 ـ يىللىق مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.



(ئاپتور: مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى — ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى

ئادىل ھاجى كېرەم

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئىسلام ئالىي دارۇلفۇنۇنى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مىڭ يىلدىن بۇيان، ئۇ ''ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قىبلىنامىسى'' دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا شۆھرەت قازانغان، نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار ئەزھەرگە بېرىپ بىلىم تەھسىل قىلىشنى ناھايىتى شەرەپلىك دەپ بىلگەن. فاتىمىيلەر قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى جەۋھەر سەقلىييە مىسىرنى فەتھى قىلىپ قاھىرە شەھىرىنى بەرپا قىلغاندىن بېرى، ئەزھەر ئۆزىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقىتىشتا زور رولىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

## 1. ئەزھەرنىڭ 19-ئەسىردىن ئىلگىرىكى تارىخي دەۋرلەردىكى تەلىم-تەربىيە ئەھۋالى

ئەزھەر مەسچىتى مىلادىيە 969-يىلى بىنا قىلىنىشقا باشلىنىپ، مىلادىيە 972-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى رەسمىي تاماملانغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ مەسچىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى بۈۋى فاتىمە زەھرانى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ''ئەزھەر'' دەپ ناملانغان. ئەزھەر مەسچىتى دەسلەپتە ھەم ئەمەل-ئىبادەت قىلىنىدىغان سورۇن، ھەم دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەر تەھسىل قىلىنىدىغان ئەڭ قەدىمىي ئىسلام ئالىي دارۇلفۇنۇنى، ھەم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم-ئۇلىمالارنىڭ يىغىلىدىغان ۋە باشقا ئەللەرگە ئالىم-ئۇلىمالار ئەۋەتىلىدىغان ئالىي ئىلىم مەركىزى ئىدى، كېيىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى تەسىس قىلىنىپ، دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەر ئۆتىلىدىغان ئىسلام بىلىم مەركىزىگە ئايلانغان. مىلادىيە 975-يىلى فاتىمىيلەرنىڭ خەلىپىسى مۇئىز مىسىرغا ھاكىمدارلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئەزھەر مەسچىتىدە ھەر تۈرلۈك ئىلىملەر ئۈستىدە ھەلقە قۇرۇلۇپ لېكسىيەلەر سۆزلىنىدىغان بولغان. فاتىمىيلەر شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغاچقا، ئەزھەر مەسچىتىدە ئەڭ ئاۋۋال شىئە مەزھىپىگە دائىر كىتاپلاردىن دەرس سۆزلەنگەن، ئۆلىمالار تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلارغا قونالغۇ جاي ۋە تۇرمۇش راسخوتى ئاجرىتىپ بېرىلگەن، ئەھلى ئىلىملەر مەسچىتتە يىغىلىپ دىنىي بىلىملەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشقان، ئاياللار ئۈچۈنمۇ مەخسۇس كۇرسلار ئېچىلغان. خەلىفە ھاكىم بىئەمرىللاھنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن مىلادىيە 1005-يىلى ئەزھەردە دارۇلھېكمەت قۇرۇلۇپ يالغۇز بىرتۈرلۈك مەزھەپنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىدىغان ئەھۋالغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلگەن، بۇ خىل ياخشى ئەھۋال

ئاستىدا فىقھىي ئىلىملەردىن باشقا ئىلىملەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىگە يېتەرلىك شارائىت ھازىر بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئەزھەردە يەنە پەلسەپە، تىبابەتچىلىك ۋە ھېسابقا ئوخشاش ئەقلىي ۋە پەننىي بىلىملەرمۇ ئالىم-ئۆلىما ۋە تالىبلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىغا مۇيەسسەر بولغان، مەۋلۇد بايرىمى، رەجەب، شەئبان ۋە رامىزان ئايلىرىدا چوڭ دائىرىدە دىنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغان.

فاتىمىلەر خانلىقى پارچىلىنىپ، ئەييۇبى خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەزھەر يەنىلا ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى توختاتمىغان، ئەييۇبىيلار سۈننىي مەزھەپكە مەنسۇپ بولغاچقا، سالاھۇددىن ئەييۇبى ھاكىمىيەت تۇتقاندىن كېيىن، ئەزھەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دىنىي پائالىيەت ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا سۈننىي مەزھىپىنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىشنى، شىئە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

مەملۇكىيلەر ھاكىمىيەت تۇتقاندىن كېيىن، ئەزھەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن، ئەھلى ئىلىملەر ھۆرمەت-ئېھتىرامغا ۋە يۇقىرى مەرتىۋىگە تېخىمۇ مۇشەررەپ بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر مۇنچىلىغان ئەھلى ئىلىملەر، سالىھ مۆمىنلەر ۋە مۇتەسەۋۋىپلەر، سودىگەرلەر، سەنئەتكارلار ۋە خەتتاتلار ئەزھەرگە زىيارەتكە كېلىدىغان بولغان. مەملۇكىيلەر سۇلتانلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئاستىدا، ئەزھەرنىڭ بەيتۇلمالىغا نۇرغۇن ۋەقفە ۋە خەيرىيەت پۇللىرى يىغىلىپ ناھايىتى روناق تاپقان. شەرقتە موڭغۇللارنىڭ بېسىمى، مەغرىپ ۋە ئاندولۇسىيەدە مۇسۇلمان ھاكىمىيىتىنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىشىشى سەۋەبىدىن، بىر مۇنچىلىغان ئالىم-ئۆلىمالار ئۇ جايلاردا تۇرۇشقا ئىلاجسىز قېلىپ، مىسىرنى ئۆزلىرىنىڭ پاناھگاھى قىلغان، ئۇلارنىڭ مىلادىيە 14-، 15-ئەسىرلەردە مىسىرغا كېلىشى، ئەزھەرگە يۈكسەك گۈللىنىش ئېلىپ كەلگەن. بۇ مەزگىللەردە ئەزھەرگە كەلگەن مەشھۇر ئالىم-ئۆلىمالاردىن ئىبنى خەلدۇن، مۇھەممەد ئەلفاسى، ئەبۇل ئابباس ئەھمەد ئەلقەلەقەشەندى، مەقرىزى، سەھاۋى، جالالۇددىن سۇيۇتى قاتارلىقلار بولغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئەزھەردە قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى، قۇرئان كەرىم ئىلىملىرى، فىقھە ئىلمى، ھەدىس، تەفسىر ۋە تىل-ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئوقۇ-ئوقۇتۇش، شۇنداقلا، ۋەز-تەبلىغ قىلىش پائالىيەتلىرى ناھايىتى روناق تاپقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئىي پەن ساھەسىدىمۇ زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ۋە تارىخ ئىلىملىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان.

ئوسمانىيلار مىسىردا ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە، ئەزھەر يەنىلا ئۆزىنىڭ يۈكسەك بۇرچىغا ئۈزلۈكسىز ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرگەن، ئوسمانىيلار گەرچە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەزھەر ۋە مىسىر خەلقىنىڭ ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ساقلاپ قېلىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ۋە قوغدىغان، ئەزھەرنىڭ ئىلمىي رولىغا قول قويغان، ئىقتىسادىي كىرىمىگە ئارىلاشمىغان. ئۇلارنىڭ ئەزھەرگە ئېلىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ يېڭىلىقى شۇكى، ئۇلار ئەزھەرنىڭ مۆتىۋەر، مەشھۇر ئۆلىمالىرىغا "شەيخۇل ئەزھەر"* دېگەن شەرەپلىك ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئوسمانىيلار يەنە شەيخۇل ئەزھەر تاللاشتا پۈتۈنلەي مىسىرلىق ئۆلىمالارنى ئاساس قىلغان ھەم تاللاش ھوقۇقىنى ئەزھەردىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىختىيارىغا قويغان، كېيىن "شەيخ" دېگەن ئاتالغۇ بارغانسېرى كەڭ قوللىنىلىپ، ھەرقايسى پىرقە-مەزھەپتىكى دىنىي مۆھتەرەم زاتلارغا خاس بولغان ئاتالغۇ بولۇپ ئومۇملاشقان، ئۆلىمالار ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دەرسلىك كىتاب تاللاپ دەرس ئۆتىدىغان بولغان، شۇ سەۋەپتىن بىر مۇنچىلىغان ئالىم-ئۆلىمالار، مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئەزھەرگە كېلىش دولقۇنى يەنىمۇ بىر قەدەم يۈكسەلگەن.

ئەزھەر ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشقا كەلگەن تالىپلارنى راباط(يەنى ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن ئالىم-ئۆلىما ۋە تالىپلار ئۈچۈن ھازىرلانغان قونالغۇ جاي)غا ئورۇنلاشتۇراتتى، بۇ راباتلار باشقا ئەللەردىن كەلگەن

*شەيخۇل ئەزھەر(ئەزھەر شەيخى) ئەزھەر جامەسى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئەزھەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن ئالىي ھەيئىتىنىڭ دىنىي داھىيسىنىڭ ئالىي ۋەزىپە ئۇنۋانى بولۇپ، مۇئاۋىن زۇڭلى دەرىجىلىك. بۇ ۋەزىپىنى ئادەتتە دۆلەت باشلىقى تەيىنلەيدۇ ۋە ئىززەت-ئابرويلۇق، چوڭقۇر بىلىملىك، باشقىلارنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىدىغان فەقىھ-ئۆلىمالار ئۆتەيدۇ.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشى ۋە يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىرگە ياشىشىغا ھەم ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا ناھايىتى ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. ئەزھەر ئەتراپىدىكى راباتلارنىڭ بىنا قىلىنىشىغا ئەھلى خەيرىنىڭ قىلغان ساخاۋەتلىك ياردىمى ۋە ئەزھەرنىڭ ئۆزىدە بولغان فوندى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئوسمانىيلار بولسا بۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نەچچە مىڭلىغان تالىپلارنى 50كە يېقىن راباتقا بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەزھەردە ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. بۇ راباتلارنىڭ بىر قىسمى مىسىرلىق تالىپلارغا خاس بولۇپ، مىسىرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن كەلگەن تالىپلارنىڭ تۇرۇشىغا تەييارلىنىپ، "رۇۋاقۇل سائىيدە" دەپ نام بېرىلگەن، رۇۋاقۇل شەنۋانىييە ۋە رۇۋاقۇل فەشەنىييە دېگەنگە ئوخشاش راباتلار بولسا مەلۇم بىر جايدىن كەلگەن تالىپلارنىڭ تۇرۇشىغا مەنسۇپ بولغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رۇۋاقۇل ھەنەفىيە ۋە ياكى رۇۋاقۇل ھەنابىلە دېگەندەك راباتلار ئايرىلىپ مەخسۇس فىقھىي مەزھەپتە ئوخشاش بولمىغان تالىپلارغا تەۋە قۇنالغۇ جاي قىلىنغان، شۇنداقلا ئەما كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ئايرىم رابات بىنا قىلىنغان. مىسىرنىڭ سىرتىدىن كەلگەن تالىپلارغا خاس بولغان راباتلار ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن جەنۇب، شەرق، غەرب ۋە ئوتتۇرا ئافرىقىدىن كەلگەنلەرگە، تۈركلەرگە، ھىندىستانلىقلارغا، شامىلىقلارغا ۋە يەمەنلىكلەرگە مەنسۇپ بولغان راباتلار بولغان. تالىپلار ئاساسەن ئەھلى خەيرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە تايانغان، ئەزھەردە ھەر قايسى ئەللەرگە تەۋە راباتنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەرگەن، تالىپلارنى راباتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشتەك تۈزۈم 1954-يىلىغا كەلگەندە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چەت ئەللىك تالىپلار يۇرتى دېگەن مەخسۇس بىر قۇنالغۇ يۇرتى بىنا قىلىنغان.

## 2. ئەزھەرنىڭ 19-ئەسىردىن كېيىنكى تەلىم-تەربىيە ئەھۋالى

19-ئەسىرگە كەلگەندە، مىسىردا ئىلمىي ئىسلاھات ھەرىكىتى باشلىنىپ، ئەزھەر بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ھازىرقى زامان ئىلىملىرىنى ئەزھەرنىڭ ئوقۇتۇش دەرسلىكىگە كىرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى، بۇ جەھەتتە شەيخ رىفائىي تەھتاۋى ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى. خىدىۋى ئىسمائىل پاشا زامانىدا ئەزھەرنىڭ شەيخى مۇھەممەد ئابباس مۇناسىۋەتلىك قانۇن-لايىھە تۈزۈپ چىقىردى، بۇ قانۇن-لايىھە بويىچە تالىپلار ئەزھەر شەيخى تەيىنلىگەن ئالتە كىشىلىك ھەيئەت ئالدىدا فىقھە، ئۇسۇل، تەۋھىد، ھەدىس، تەفسىر، نەھۋى-سەرفى، ئىلمىي بالاغەت، مەنتىق قاتارلىق دەرسلەردىن ئىمتىھان بېرىدۇ، شۇنداقلا ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىش، دەرسلىك كىتابلارنى بېكىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كېيىن ئىمام مۇھەممەد ئابدۇ بۇ ئاساستا ئەزھەرنىڭ شەيخلىرىنى قايىل قىلدۇرۇپ، 1895-يىلىدا "ئەزھەر يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى"نى قۇردى، بۇ ھەيئەت ئىسلام دىنىدىكى تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ۋەكىللىك قىلىدىغان مۆتىۋەر ئۆلىمالاردىن تەركىپ تاپىدۇ. ئىمام مۇھەممەد ئابدۇ يەنە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەزھەرنىڭ ئوقۇتۇش دەرسىگە ماتېماتىكا، فىزىكا، جۇغراپىيە، تارىخ ۋە خەتتاتلىق قاتارلىق يېڭى دەرسلەرنى كىرگۈزىدۇ، مۇدەررىسلەرنىڭ مائاشى ئۆستۈرۈلىدۇ، ئۇ يەنە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى، ئوقۇش مۇددىتى، يىللىق تەتىل، ئوقۇتۇش دەرسلىكى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى، دۇنياۋى شاھادەت تارقىتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش يېڭى بەلگىلىمىلەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئەلا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى تارقىتىش يولى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ بېرىلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. 1928-يىلى ئىمام مۇھەممەد ئابدۇنىڭ ئۇستازى ئىمام مۇھەممەد مۇستافا ئەلمەراغى ئەزھەرنىڭ شەيخى بولغاندا ئىسلاھات ئىشكىنى تېخىمۇ ئېچىۋېتىپ، ئۆلىمالارنى دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەردە ئىجتىھاد قىلىشقا ئۈندەيدۇ. 1930-يىلى ئىمام مۇھەممەد ئەل ئەھمەدى ئەلزەۋاھىرى ئەزھەرنىڭ شەيخى بولغاندا يەنە بىر يېڭى لايىھە چىقىرىپ، ئىسلام دىنى ئاساسلىرى، شەرىئەت ۋە قانۇن، ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى قاتارلىق كەسپلەرنىڭ فاكۇلتېتلىرىنى قۇرىدۇ، شۇنداقلا، بۇ لايىھە بويىچە، ئەزھەردە يەنە باشقا فاكۇلتېتلارنىڭمۇ

قۇرۇلۇشىغا ئىجازەت بېرىلدۇ. 1961 ـ يىلىغا كەلگەندە، مىسىرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى زۇڭتۇڭى ئابدۇ ناسىر «ئەزھەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى 103 ـ نومۇرلۇق پەرمان»نى ئېلان قىلىپ ”ئەزھەر دۇنياۋىي ئىسلام دارۇلفۇنۇنى، ئۇ ئىسلام مىراسلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش ۋە تارقىتىش، شۇنداقلا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا خىزمەت قىلىش بۇرچىنى ئۈستىگە ئالغان، ئەرەب مەدەنىيىتىنى تارقىتىش، ئىسلام شەرئىتى، مەدەنىيىتى، ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى، شۇنداقلا، قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى ئىشلىرىدا ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشكە زور ئەھمىيەت بېرىدۇ“ دەپ چاقىرىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەزھەرنىڭ پەقەت ئەرەب تىلى ۋە دىنىي بىلىملەردە تەلىم بېرىدىغان ئىلىم مەركىزى بولۇپلا قالماي، يەنە خەلقئارادىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگە ئوخشاش تەبىئىي پەن بىلىملىرىنىمۇ ئوقۇتىدىغان ئالىي مەكتەپ بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇ ئاساستا، ئەزھەرنىڭ مائارىپ سىياسىتىدە، مۇنداق بىر نەچچە پرىنسىپلار يولغا قويۇلىدۇ: ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان تالىپلارنىڭ كېلىپ ئوقۇشىنى ۋە بىلىم ئاشۇرۇشىنى قارشى ئېلىش؛ ئەزھەردە ئوقۇۋاتقان مۇسۇلمان تالىپلار بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق بولۇش، ئىسلام ئەقىدىسىدە ئىخلاسمەن بولۇش؛ دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەردىن تەلىم بېرىش ئارقىلىق مىسىر، ئىسلام ئەللىرى ۋە غەيرى ئىسلام ئەللىرىگە ياراملىق ئىلىم ئەھلىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىش، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب تىلىنى تارقىتىش؛ دىنىي ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتا دۇنيادىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىقلار. يۇقىرىدىكىدەك بىر يۈرۈش ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسىدە، ئەزھەردە يەنە بىناكارلىق، سانائەت، تېبابەت ۋە يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس فاكۇلتېتلارمۇ ئېچىلىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلوملىرى باكالاۋر، ماگىستىر ۋە دوكتور دەرىجىلىرىگە ئايرىلىدۇ. 1962—1963 ـ يىللىرىدا ئىسلام دىنى ئاساسلىرى فاكۇلتېتىنىڭ ئوغۇللار ۋە قىزلار قىسمى ئېچىلىدۇ. 1964 ـ يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا يەنە دورىگەرلىك، سودا، چەت ئەل تىللىرى ۋە ئاخبارات فاكۇلتېتلىرىمۇ قۇرۇلىدۇ. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن قاھىرەنىڭ مەدىنەتۇل ناسىر دېگەن جايىغا يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىنالىرى سېلىنىدۇ.

ئەزھەرنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئەزھەر ئالىي مەجلىسى بولۇپ، ئۇ ئەزھەر شەيخىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئەزھەرنىڭ مۇئاۋىن شەيخى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى، ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەئىسى قاتارلىق تۆت ئەزادىن، شۇنداقلا، مىسىرنىڭ دىنىي فوندى مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىرى، مەدەنىيەت ۋە چەت ئەللىك تالىپلارنى باشقۇرۇش تارمىقى، ئەزھەرگە قاراشلىق ئەزھەر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ رەئىسلىرى ۋە ئەزھەردىكى ئۈچ نەپەر مۆتىۋەر مۇدەررىس ۋەكىلىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەزكۇر ھەيئەتنىڭ ۋەزىپىسى: ”ئەزھەرنىڭ ئىسلام دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سىياسىتىنى بېكىتىش، ئەزھەرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە تەتقىقاتلىرىنى بەلگىلەش، ئەزھەرنىڭ مەمۇرىيەت خىراجەت خامچوتىنى تەستىقلاش، پەخرىي ئۇنۋان بېرىش ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىش“ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەزھەرنىڭ ھازىرقى شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھازىرقى رەئىسى دوكتور ئەھمەد تەييىبدۇر.

ھازىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى دۇنيادىكى 100 مەشھۇر ئالىي مەكتەپنىڭ ئىچىدە 45 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان، مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئالىي مەكتەپلىرىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاسسىستېنت(ياردەمچى ئوقۇتقۇچى)لىق تۈزۈمى 13 ـ ئەسىردىلا ئەزھەردە كەڭ قوللىنىلغان، ئەينى ۋاقىتتا بىر مۆتىۋەر ئۆلىما ئۆزىنىڭ گۇۋاھنامە ئالغان تالىپلىرىدىن بىر نەچچە نەپەرنى تاللاپ ئۇلارنى ياردەمچى مۇدەررىس سۈپىتىدە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا سالاتتى، بۇ خىل ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئەزھەردە تاكى ھازىرغا قەدەر يولغا قويۇلۇپ كەلمەكتە.

ئەزھەرنىڭ كۇتۇپخانىسىمۇ نۇرغۇن قىممەتلىك قول يازما ئەسەرلەرنى ساقلاش بىلەن دۇنياغا تونۇلغان،

بۇ قول يازما ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى ئىسلام ئەسەرلىرى بولۇپ، ”شەرق ئىسلام مەدەنىيەت گۆھىرى“ دەپ شۆھرەت قازانغان. ھازىر بۇ كۇتۇپخانىدا تەخمىنەن بىر مىليونغا يېقىن ئەسەر ساقلانماقتا.

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېت، ئۇنىڭدا 26 ئالىي تەتقىقات ئورگىنى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە تېبابەت، دورىگەرلىك، ئىقتىساد، ئىنژېنېرلىق ۋە يېزا ئىگىلىك قاتارلىق ئورگانلىرىمۇ بار، ھازىر مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا 43 ئوغۇل تالىپلار ئىنستىتۇتى، 18 قىز تالىپلار ئىنستىتۇتى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر جەمئىي 61 ئىنستىتۇت تەسىس قىلىنغان. بۇ ئىنستىتۇتلار مىسىرنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە جايلاشقان. ئەزھەردىكى ئىنستىتۇتلار ئىسلام ئاساسلىرى ئىنستىتۇتى، ئىسلام دەۋەت ئىنستىتۇتى، ئىسلام تەتقىقاتى ۋە ئەرەب تىلى ئىنستىتۇتى، شەرىئەت ۋە قانۇن ئىنستىتۇتى، تىل ۋە تەرجىمە ئىنستىتۇتى، مائارىپ ئىنستىتۇتى، سودا ـ تىجارەت ئىنستىتۇتى، يېزا ـ ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، سانائەت ئىنستىتۇتى، تېبابەتچىلىك ئىنستىتۇتى ۋە دورىگەرلىك ئىنستىتۇتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەزھەر ئىسلام دۇنياسىغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ئەزھەرنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى مۇنداق بەش جەھەتتىن خۇلاسىلىغىلى بولىدۇ: بىرىنچىدىن، دۇنيانىڭ مۇتلەق كۆپ دۆلەتلىرىدە ئەزھەردە ئوقۇغان تالىپلار تېپىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەزھەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەدرىس ۋە ئىنستىتۇتلىرىدا ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ سانى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ، مەسىلەن، «مىسىر دۆلىتى2005 ـ يىللىق يىلنامىسى»دىكى سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەزھەر قۇرۇلغاندىن تارتىپ 2004——2005 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەزھەردە تەلىم ئالغان (يەنى باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا، قۇرئان قىرائەت مەدرىسىسى ۋە ئىنستىتۇتلاردا تەلىم ئالغانلار كۆرسىتىلىدۇ) تالىپلارنىڭ سانى 205مىليون 9900دىن ئارتۇق بولغان، 2004——2005 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان تالىپلارنىڭ سانى 101مىڭ 200يۈزگە، بۇنىڭ ئىچىدە 75 دۆلەتتىن كەلگەن چەت ئەللىك تالىپلارنىڭ سانى 12مىڭغا يەتكەن، ئەزھەر سىستېمىسىدىكى مەكتەپ ـ مەدرىسلەرنىڭ سانى 7100گە يەتكەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئەزھەردە تۆت چوڭ فىقھە مەزھىپىنىڭ تەلىملىرى تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن تالىپلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل قىلىۋاتقان فىقھىي مەزھىپىگە ئالاقىدار بولغان فىقھە كىتابتىن تەلىم ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئەزھەرنىڭ نەزەر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، جەمئىيەتتە يېڭىدىن كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئىلمىي قاراشلارغا قارىتا، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەرنى ئاساس قىلىپ، ئىجتىھاد نەتىجىلىرىگە تايىنىپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا توغرا يېتەكچىلىك يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ بەشىنچىدىن، ئەزھەرنىڭ چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتىدا 2001 ـ يىلى خەنزۇ تىلى فاكۇلتېتى قۇرۇلغان، ھازىر ئۇنىڭدا تۆت سىنىپ بولۇپ، جەمئىي 200 نەپەر مىسىرلىق تالىپ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىدۇ، بۇ ھال خەلقئارادىكى ھېچقانداق ئىسلام ئالىي دارىلفۇنۇنىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان.

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەزھەرگە بېرىپ بىلىم تەھسىل قىلىشى ئاللىبۇرۇنلا باشلانغان. ھازىر ئەزھەردە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق تالىپلارنىڭ سانى 300دىن ئاشىدۇ. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ ئالىي دارىلفۇنۇن بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇقەددەس بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە تارقىتىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، كەڭ قورساقلىق، ئوتتۇرا يول تۇتۇش، ھەققانىيلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت ئىزدەشنى تەرغىپ قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلامىيەت ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا 9 يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان ئەزھەرى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ۋە ئىسلام ئەللىرى

شەمشىدىن ھاجى

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەت دەرىجىلىك خەلقئارالىق سىياسىي تەشكىلاتى بولۇپ «ئىسلام ئەللىرى يىغىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەسلىدە بىر يىلدا بىر ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەج تاۋاپ مەزگىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەككە مۇكەررەمەدە ھەج تاۋاب پائالىيىتى تاماملانغاندىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەرقايسى ئەللەر باشلىقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلەتتى. 1954 ـ يىلى مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئورتاق تەشەببۇسى بىلەن مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە «ئىسلام يىغىنى ئاپپاراتى» قۇرۇلۇپ، دۇنياۋى دائىرىدىكى ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەنىدى.

ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن 1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 26 ئىسلام دۆلىتىنىڭ دۆلەت باشلىقى ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئافرىقىدىكى ماراكەش(مەغرىب) پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى رابات شەھىرىدە تۇنجى قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى قۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس مۇزاكىرە ۋە مەسلىھەت قىلىشقانىدى. 1970 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام ئەللىرى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدا ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى قۇرۇش ۋە ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى كاتىبات باشقارمىسى تەسىس قىلىش قارار قىلىنغان ۋە تەشكىلات نىزامنامىسى تۈزۈپ چىقىلغانىدى. 1970 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇ تەشكىلات سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە مۇبارەك شەھىرىدە رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ سېكرېتارىئاتى(كاتىبات باشقارمىسى) جىددە شەھىرىدە تەسىس قىلىندى. «ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى نىزامنامىسى»دا بەلگىلىنىشىچە، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى: ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش؛ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ۋە ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىشكە تىرىشىش؛ ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ پەلەستىن خەلقىنىڭ مىللىي قانۇنىي ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۆز يۇرتىغا قايتىش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش؛ ئادىللىق ئاساسىغا قۇرۇلغان دۇنيا تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى زۆرۈر ئۇسۇللارنى قوللىنىپ قوللاش؛ ئەزا دۆلەتلەر بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىنى بولۇپ، ئادەتتە ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا قەرەلسىز ھالدا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە يىغىنى چاقىرىلىدۇ. بەزى يىغىنلارغا ئەزا دۆلەتلەردىن باشقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى ۋە باشقا ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قاتنىشىدۇ.

ئىسلام ئەللىرى باشلىقلىرى يىغىنى بۇ تەشكىلات رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە 1974 ـ يىلى 2 ـ ئايدا پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىدە، 1981 ـ يىلى 1 ـ ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تائىف شەھىرىدە، 1984 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماراكەشنىڭ كەسابۇلانكا(دارىل بەيدا) شەھىرىدە، 1987 ـ يىلى 1 ـ ئايدا كۇۋەيتنىڭ كۇۋەيت شەھىرىدە، 1991 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يەنە ماراكەشنىڭ كەسابۇلانكا شەھىرىدە، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىراننىڭ تېھران شەھىرىدە، 2000 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قاتارنىڭ دوھا شەھىرىدە، 2003 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مالايسىيانىڭ فېدېراتسىيە مەمۇرىيەت مەركىزى پۇتلاجايا شەھىرىدە، 2005 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس شەھىرى مەككە مۇكەررەمەدە ئۆتكۈزۈلدى. ھەر نۆۋەتلىك يىغىن ئاخىرىدا يىغىن ئاخباراتى، خىتابنامە ۋە بىرمۇنچە مەخسۇس قارارلار ماقۇللىنىپ جاكارلىنىپ كەلدى.

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي ئورگىنى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنى بولۇپ، ھەر يىلى مەلۇم بىر ئەزا دۆلەتتە نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنداقلا، زۆرۈر تېپىلغاندا، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرىنىڭ جىددىي يىغىنى ياكى پەۋقۇلئاددە يىغىن

ئۆتكۈزۈلۈپ، نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە دەپ قارالغان مەسىلىلەر مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ ھەم مۇناسىپ قارارلار چىقىرىلىدۇ.

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى دائىمىي سېكرېتارىئاتى(كاتىبات باشقارمىسى) بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا نۇرغۇن خىزمەت تارماقلىرى تەسىس قىلىنغان، بۇ باشقارما كونكرېت ئىشلارنى بىجىرىشكە، قارارلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، ئارىدا ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى قارمىقىدا بىرقانچە كەسپىي ئورگانلار تەسىس قىلىنغان. مەسىلەن، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى، ئىسلام تىنچلىق كومىتېتى، ئىسلام ئىقتىساد-سودا دائىمىي كومىتېتى، ئىسلام ئاخبارات ئاگېنتلىقى، ئىسلام ئەللىرى رادىئو-تېلېۋىزىيە تەشكىلاتى، ئىسلام ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى مەسىلىلىرى مەخسۇس كومىتېتى، ئىسلام ئىلىم-پەن، تېخنىكا تەرەققىياتى ساندۇقى(فوندى)، ئىسلام سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات مەركىزى، ئىسلام ئەللىرى پايتەختىنىڭ تەشكىللىرى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ستاتىستىكىلىرى تەتقىقات مەركىزى، ئىسلام سودا تەرەققىيات مەركىزى، ئىسلام تەرەققىيات ساندۇقى(فوندى)، ئىسلام ئادالەت سوتى، ئىسلام مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى قاتارلىقلار. بۇ ئورگانلار ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي نىشانى ۋە قارار-بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش يۈرگۈزىدۇ، كاتىبات باشقارمىسى ئارىدا ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەيدۇ.

بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر پارلامېنتلىرى بىرلەشمىسى بۇ تەشكىلاتقا مۇناسىپ ھالدا قۇرۇلغان مۇھىم بىرلەشمە ھېسابلىنىدۇ.

1999-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر پارلامېنتلىرى بىرلەشمىسى(قىسقارتىپ ''ئىسلام ئەللىرى پارلامېنتلىرى بىرلەشمىسى'' دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئىراننىڭ پايتەختى تېھراندا ئۆتكۈزۈلدى. ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ئەزالىرىدىن 49دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ بۇ يىغىنغا قاتناشتى(بۇنىڭ ئىچىدە 28دۆلەتنىڭ پارلامېنت باشلىقلىرى بار). يىغىندا ئىسلام ئەللىرى پارلامېنتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى ۋە ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر پارلامېنتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئىسلام ئەللىرى پارلامېنتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسىدا بەلگىلىنىشىچە، ئىسلام ئەللىرى پارلامېنتلىرى بىرلەشمىسى ئىسلام پرىنسىپى ۋە ئەقىدىسىنى يېتەكچى قىلىپ، كېڭىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دۇنياسى دۇچ كەلگەن ئورتاق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ نىزامىدا كۆرسىتىلگەن نىشان ۋە پرىنسىپلارغا، جۈملىدىن ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە، ماجىرالارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ نىشانىسى: ئىسلام پرىنسىپلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە تەرغىب قىلىش؛ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا سەھنىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۈنۈملۈك ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشىغا كۆۋرۈكلۈك قىلىش؛ ئەزا دۆلەتلەر ئارا ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشتىن ئىبارەت. بۇ تەشكىلات ئەزالىرى ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر پارلامېنتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ تەشكىلى ئاپپاراتى ئىسلام ئەللىرى پارلامېنتلىرى بىرلەشمىسى قۇرۇلتىيى، مۇدىرىيەت يىغىنى، ئىجرائىيە ھەيئىتى ۋە كاتىبات باشقارمىسىدىن ئىبارەت. بۇ تەشكىلاتنىڭ باش شتابى ئىراننىڭ پايتەختى تېھراندا بولىدۇ.

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى خەلقئارادىكى ئاساسلىق ئىسلام ئەللىرى تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1975-يىلىدىن تارتىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا كۆزەتكۈچى ئورنىغا ئىگە بولۇپ يىغىنغا قاتنىشىپ كەلمەكتە. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 36-نۆۋەتلىك يىغىنى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىلەن ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ھەمكارلىقى توغرىسىدا قارار» ماقۇللاپ بۇ تەشكىلاتنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى 1980-يىلى 8-ئايدا تۇنىستا بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىككى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېلىشىمى تۈزۈشكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى ۋە ھازىرغىچە زىچ ئالاقىدا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەت «ئىسلام دۆلىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر ئەسلىدىكى 26 دۆلەتتىن تەرەققىي قىلىپ 57 دۆلەتكە يەتتى ۋە تەدرىجىي كۆپىيىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، ئەزەربەيجاندىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغانىدى. ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ 2001-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ئافرىقىدىكى مالىنىڭ پايتەختى باماكودا ئۆتكۈزۈلگەن، بۇ تەشكىلاتقا ئەزا 56دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى ياكى ۋەكىللىرى قاتناشقان 28-نۆۋەتلىك دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى يىغىنىدا، ئافرىقىدىكى كوتى دى ئىۋۇئىر دۆلىتى ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ 57-ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى، ياۋروپا قىتئەلىرىگە جايلاشقان بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاسىيا بىلەن ئافرىقىدا.

بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەر(ئىسلام دۆلەتلىرى) قىتئەلەر بويىچە تۆۋەندىكىچە:

**ئاسىيا قىتئەسىدىن 27 دۆلەت**(غەربىي ئاسىيادىن 14دۆلەت، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن 7 دۆلەت، ئوتتۇرا ئاسىيادىن 6 دۆلەت):1. سەئۇدى ئەرەبىستانى 2. ئىراق 3. يەمەن 4. سۈرىيە 5.ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى 6. ئومان 7. كۇۋەيت 8. بەھرەيىن 9. لىۋان 10. ئىئوردانىيە 11. قاتار 12. پەلەستىن 13. ھىندونېزىيە 14. پاكىستان 15. بېنگال 16. تۈركىيە 17. ئىران 18. ئافغانىستان 19. مالايسىيا 20. ئۆزبېكىستان 21. قازاقىستان 22. تاجىكىستان 23. تۈركمەنىستان 24. قىرغىزىستان 25. ئەزەربەيجان 26. مالدىۋى 27. برۇنېي دارۇسسالام.

**ئافرىقا قىتئەسىدىن 27 دۆلەت**: 1. مىسىر 2. ئالجىرىيە 3. ماراكەش(مەغرىب) 4. تۇنىس 5. سۇدان 6. سومالى 7. لىۋىيە 8. ماۋرىتانىيە 9. جىبۇتى 10. نىگېرىيە 11. نىگېر 12. مالى 13. سېنېگال 14. گۋىنىيە 15. بېنىن 16. بوركىنا فاسو 17. كامېرون 18. گۋىنىيە بىسسائۇ 19. گامبىيە 20. گابون 21. كومورو 22. موزامبىك 23. چاد 24. سېررالېئون 25. ئۇگاندا 26. توگو 27. كوتى دى ئىۋۇئىر.

**لاتىن ئامېرىكىسى قىتئەسىدىن 2 دۆلەت**: 1. سۇرىنام 2. گۋىئانا.

**ياۋروپا قىتئەسىدىن 1 دۆلەت**: 1. ئالبانىيە.

بۇلاردىن باشقا، بۇ تەشكىلاتقا رەسمىي ئەزا بولمىسىمۇ ئەمما بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆزەتكۈچى ئەزاسى سۈپىتىدە بۇ تەشكىلات يىغىنلىرىغا ئىشتىراك قىلىدىغان بىرمۇنچە دۆلەتلەر، رايونلار ۋە تەشكىلاتلار بار.

غەيرىي ئىسلام ئەللىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلار سانى ئەڭ كۆپ ھېسابلىنىدىغان ھىندىستان(جەمئىي 138 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان بولۇپ، ھىندىستان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 13.4%تىنى تەشكىل قىلىدۇ) ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار نوپۇسى كۆپ دۆلەت ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ، ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇشنى كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلغانىدى. ئەمما ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋىي ھىندى دىنىنى ئاساس قىلىدىغان دۆلەت(ھىندى دىنىدىكىلەر تەخمىنەن 80%تىنى ئىگىلەيدۇ) ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ھىندىستاننىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ كەلدى.

ھازىر ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا 57دۆلەتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا مۇسۇلمانلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما بەزى دۆلەتلەردە مۇسۇلمانلار كۆپ سانىنى ئىگىلىمىسىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ شۇ دۆلەتكە بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەسىرى چوڭقۇرراق بولغاچقا بۇ دۆلەتلەر ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان، شۇنداقلا، بىرمۇنچە كونا مۇستەملىكە ئەللەردە مۇسۇلمانلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان مىللەت بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردىكى خەلق ھەرخىل يەرلىك ئېتىقادىي دىنلارغا ۋە ئازساندا خرىستىئان دىنى قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئەڭ چوڭ ئېتىقاد ئاممىسى بولۇپ قالغاچقا، بۇ دۆلەتلەرمۇ ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان. مەسىلەن: جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى گۋىئانا، سۇرىنام؛ ئافرىقا قىتئەسىدىكى توگو، مۇزامبىك، كامېرون، بوركىنا فاسو، كوتى دى ئىۋۇئىر، گۋىنىيە بىسسائۇ قاتارلىقلار.

دۇنيادىكى بىر مىليارد 400 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان جايلاشقان دۆلەتلەر ئىچىدە، گەرچە ئەرەب ئەللىرى ئاساسلىق ئىسلام دۆلىتى دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما 22 ئەرەب دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلار سانى 300 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاران 20%دىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدۇ. قالغان 80% كە يېقىن مۇسۇلمان غەيرىي ئەرەب ئەللىرىگە جايلاشقان. ئىسلام ئەللىرى ئىچىدە ھىندونېزىيە مۇسۇلمانلار ئەڭ

كۆپ دۆلەت بولۇپ، ئۇ يەردە 200 مىليوندەك مۇسۇلمان بار(مۇسۇلمانلار ئومۇمىي دۆلەت نوپۇسىنىڭ %88 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا ھىندونېزىيىدىن ھەر يىلى 200 مىڭ مۇسۇلمان ھەج تاۋابىغا بارىدۇ). ئۇنىڭدىن قالسا پاكىستاندا 143 مىليوندىن ئارتۇق، بېنگالدا 123 مىليوندىن ئارتۇق، تۈركىيەدە 67 مىليوندىن ئارتۇق، ئىراندا 65 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار. ئافرىقا قىتئەسىدىن نىگېرىيەدە 70مىليوندىن ئارتۇق، مىسىردا 60نەچچە مىليون مۇسۇلمان بار.

**ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى** ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بۇ تەشكىلات قويۇق ۋە دوستانە ئالاقىدا بولۇپ كەلدى. 1974-يىلى 2-ئايدا، 2-قېتىملىق ئىسلام ئەللىرى باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلغان ۋاقىتتىلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلىسى جۇئېنلەي بۇ يىغىنىنى تەبرىكلەپ تېلېگرامما يوللىغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ۋە زۇڭلىلىرى بىلەن بۇ تەشكىلات رەئىسلىرى ئارىسىدا ئالاقە ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى ۋە خەلقئارادىكى زور مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ كەلدى. ئارىلىقتا نەچچە نۆۋەت بۇ تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى ئۈمىكى ياكى تەشكىلات مەسئۇللىرى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى. بۇ تەشكىلات قارىمىقىدىكى ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى 1986-يىلىلا جۇڭگوغا جۇملىدىن جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 60مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ تا ھازىرغىچە ئىسلام ئىنستىتۇتى، مۇسۇلمانلار كەسپىي مەكتىپى، مۇسۇلمانلار تەربىيىلەش مەركىزى، مۇسۇلمانلار ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپى قاتارلىق ساھەلەرگە داۋاملىق ئىئانە بېرىپ كەلمەكتە.

(بېشى 58-بەتتە)

ھوجۇمدا ۋەيران بولدى. 1977-يىلى ياپونىيە مۇسۇلمانلىرى ئوساكا شەھرىدە مەسچىت سالدى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى تەسىس قىلدى.

ئالدىنقى ئەسىر 20-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ياپونىيىدىكى ئىسلام دىنىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار قۇرئان كەرىمنى ياپونچىغا تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىنى باشلىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ياپونچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار: (1) ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىنغان قىسمەن تەرجىمە نۇسخىسىدىن 1920-يىلى نەشر قىلىنغان ساكاموتو كېنچىنىڭ تەرجىمىسى ۋە 1938-يىلى نەشر قىلىنغان تاكاخاشى گورويۇ قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ تەرجىمىسى؛ (2) ئىنگلىزچىدىن ياپونچىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ1950-يىلى نەشر قىلىنغان ئوئوكاۋا شيۇمېيىنىڭ تەرجىمىسى. (3) ئەرەب تىلىدىن بىۋاستە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىدىن ئىككىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئىسلام دىنى تەتقىقاتچىسى ئىدىتسۇ توشىخىكونىڭ 1957-يىلى نەشر قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى (بۇ تەرجىمە نۇسخىسى ناھايىتى كۆپ تارقىتىلىش بىلەن بىرگە، ياپونىيىنىڭ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسەتتى)؛ ئىككىنچىسى، 1970-يىلى نەشر قىلىنغان، ئوساكا چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىكېدا ئوسامۇ قاتارلىقلار بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان تەرجىمە نۇسخىسى. (4) 1972-يىلى نەشر قىلىنغان، ياپونىيە مۇسۇلمان ئالىمى ئۆمەر مىتا ريوئىچى تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى. تەرجىمان قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ئۈچ يىل ئۆگەنگەن ۋە داڭلىق ئالىملاردىن تەلىم ئالغان. بۇ تەرجىمە ئەسلى نۇسخا ۋە مۇناسىۋەتلىك تەپسىرلەرنى ئاساس قىلىشتىن باشقا، خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىلاردىن پايدىلىنىپ، 1981-يىلى بىر تۈركۈم ئەرەب تىلىغا پىششىق ياپونىيىلىك مۇسۇلمان ياشلار بىرلىشىپ تەكشۈرۈپ تۈزىتىپ چىققاندىن كېيىن، 1982-يىلى ياپونىيە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ياپونىيە ئىسلام مەجلىسىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، داڭلىق ئادۋوكات ئابې خارۇئو 1983-يىلى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان شېئىرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىنغان قىسمەن تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ، ياپونىيىگە خېلىلا مەشھۇر بولغان بۇ نۇسخىدا 37 قىسقا سۈرىنىڭ تەرجىمىسى بېرىلگەن.

# ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى ۋە ئەرەب ئەللىرى

شەمشىدىن ھاجى

ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى ئەرەب دۇنياسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە تەسىرگە ئىگە تەشكىلات بولۇپلا قالماستىن، دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ بىرى.

بۇنىڭدىن 62 يىل ئىلگىرى، يەنى 1945-يىلى 3-ئاينىڭ 22-كۈنى ئافرىقىدىكى ئەرەب دۆلىتى مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مىسىر، سۇرىيە، ئىراق، لىۋان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، يەمەن، ئىئوردانىيەدىن ئىبارەت يەتتە ئەرەب دۆلىتىنىڭ ۋەكىلى مىسىر پايتەختى قاھىرە شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ «ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي نىزامنامىسى»نى ماقۇللاپ، ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىغانىدى. 60 نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ئىتتىپاققا ئەزا دۆلەتلەر ياكى رايونلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ ھازىر 22گە يەتتى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ باش شتابى قاھىرە شەھىرىدە.

ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇش، ئەرەب دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى سىياسىي پائالىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىشلىرى ۋە مەنپەئەتىنى ئومۇميۈزلۈك ئويلىشىشتىن ئىبارەت. ئەزا دۆلەتلەر ئىقتىساد، مالىيە، قاتناش، مەدەنىيەت، سەھىيە، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، دۆلەت تەۋەلىكى، پاسپورت، ۋىزا، ھۆكۈم ئىجراسى، ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە زىچ ھەمكارلىشىدۇ؛ ئەزا دۆلەتلەر بىر-بىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشتا قورال كۈچى ئىشلەتمەيدۇ. ئەزا دۆلەتلەر باشقا دۆلەتلەر بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدىنامە ۋە كېلىشىملەر ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ باشقا ئەزا دۆلەتلىرىنى چەكلىمىگە ئۇچراتمايدۇ.

ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى يىغىنى بۇ ئىتتىپاقنىڭ ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىنى بولۇپ، يىغىندا ئاساسلىقى رايون خاراكتېرلىك چوڭ مەسىلىلەر ۋە ئەرەب ئەللىرى رايونىغا ئالاقىدار خەلقئارالىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدۇ.

ئەرەب ئەللىرى دېگىنىمىز ئادەتتە ئەرەب مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ تەشكىللەنگەن دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش بىرخىل تىلنى يەنى ئەرەب تىلىنى قوللىنىدۇ، ئورتاق مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ئىگە، بۇ دۆلەتلەردىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ(ئايرىملىرىدا باشقا دىنلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ئەمما ئىسلام دىنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ).

ھازىرقى 22 ئەرەب دۆلىتىدىن 12 دۆلەت ئاسىياغا (بولۇپمۇ غەربىي ئاسىياغا)، 10 دۆلەت ئافرىقىغا (بولۇپمۇ شىمالىي ئافرىقىغا ۋە غەربىي ئافرىقىغا)جايلاشقان.


**ئاسىيادىكى ئەرەب دۆلەتلىرى 12:** 1. سەئۇدى ئەرەبىستانى 2. يەمەن 3. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى 4. ئومان 5. كۇۋەيت 6. بەھرەين 7. قاتار 8. ئىراق 9. سۇرىيە 10. ئىئوردانىيە 11. لىۋان 12. پەلەستىن.

**ئافرىقىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرى 10:** 1. مىسىر 2. ئالجىرىيە 3. ماراكەش 4. سۇدان 5. تۇنىس 6. لىۋىيە 7. سومالى 8. ماۋرىتانىيە 9. جىبۇتى 10. غەربىي سەھرا.

ئەرەب ئەللىرىنىڭ تەشكىلاتلىرىدىن ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىدىن باشقا يەنە مەغرىب ئىتتىپاقى(ئالجىرىيە، لىۋىيە، ماۋرىتانىيە، ماراكەش، تۇنىس قاتارلىق ئەللەردىن تەركىب تاپقان)، دېڭىز قولتۇقى ھەمكارلىق ھەيئىتى(بەھرەين، كۇۋەيت، ئومان، قاتار، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق ئەللەردىن تەركىب تاپقان)، ئەرەب نېفىت ئېكسپورت ئەللىرى تەشكىلاتى(ئالجىرىيە، بەھرەين، مىسىر، ئىراق، كۇۋەيت، لىۋىيە، قاتار، سەئۇدى ئەرەبىستانى، سۇرىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق ئەللەردىن تەركىب تاپقان) قاتارلىق بىر قىسىم ئەرەب ئەللىرىدىن تەركىب تاپقان تەشكىلاتلارمۇ بار.

ئەرەب ئەللىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دۆلىتى ۋە ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ ناھايىتى زىچ. ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى 1980-يىلى 8-ئايدا تۇنىستا ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى بىلەن بىرلەشمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ بۇ ئىككى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېلىشىمى تۈزۈشكەنلىكىنى جاكارلىغانىدى.

# ئىسلام دىنى ياپونىيەدە



هاجى بارات رەجەپ

ياپونىيە دۇنيادا مۇسۇلمانلار ئاز دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ياپونىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى يۈز مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ياپون مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار توكيو، ئوساكا، ناگويا، كيوتو، سىنداي قاتارلىق شەھەرلەرگە تارقالغان. مەملىكەت بويىچە 25 چوڭ مەسچىت، 200 دىن ئارتۇق نامازخانا ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنى، 100 دىن ئارتۇق ھەر خىل ئىسلام دىنى تەشكىلاتى بار.

ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۆلەتلەر ۋە ئىسلام دۇنياسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخى يېقىنقى زامانلاردىكىلا ئىشتۇر. 1868 - يىلىدىن بۇرۇنقى ياپونىيىدە، ئىسلام دىنى بىلەن ياپونىيىلىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىرەر ئېنىق خاتىرە ياكى بىرەر تارىخىي ئىزنا يوق. بولغاندىمۇ پەقەت ئايرىم ياپونلۇقلارنىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى توغرىسىدا بەزى ۋەقەلىكلەرلا بار.

ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن ئۇچرىشىشى 1877 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ئۇلار ئىسلام دىنىنى غەربنىڭ دىنىي ئىدىيىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە چۈشەنگەن. مۇشۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر كىتابلارمۇ ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ياپونىيىگە كىرگەن. ئىسلام دىنى بىلەن ياپونىيىنىڭ مۇناسىۋىتى جەريانىدىكى بىر مۇھىم ۋەقەلىك 1890 - يىلى يۈز بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىيە ئىمپېراتورلۇقى ياپونىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ياپون خەلقى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە چوڭ تىپتىكى بىر كېمە بىلەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. بۇ ”ئېرتۇغرۇل“ دەپ ئاتالغان كېمە سەپەر جەريانىدا چۆكۈپ كېتىپ، كېمىدىكى 609 كىشىدىن 540 كىشى قازا قىلغان، باشقا ھايات قالغان كىشىلەر بولسا ھەر خىل يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە قايتقان.

ئىسلام دىنىنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ياپونىيىگە ھەقىقىي تۈردە تارقىلىشقا باشلىغان دېيىشكە بولىدۇ. ياپونىيىنىڭ مەنجى دەۋرىدىكى ”سىرتقا ئېچىۋېتىش“ سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ياپونىيە غەرب بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچراشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش ئېلىپ باردى. بۇ ئەللەرگە سودا - سېتىق، سەيلى - ساياھەت ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغان ياپونلۇق پۇقرالار مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قىزىقىپ، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابى، ئىدىيە سىستېمىسى، تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، دۆلەت ئىچىدە ماقالىلار يېزىپ ئېلان قىلدى ھەمدە نەزەرىيە جەھەتتىن ئىزدىنىشلەر ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ھەر خىل مەقسەتلەر بىلەن ئەرەب ئەللىرى، ھىندىستان، جۇڭگو ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردە تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ياپونلۇق ياش زىيالىيلار يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغانلىقىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ياپونىيىگە قايتقاندىن كېيىن ئىسلامىيەت تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن ياشاپ، ئىسلام ئەھكاملىرى، ئىسلام شەرىئىتى ۋە دىنىي قائىدىلىرى توغرىسىدا

ماقالىلار يېزىپ تونۇشتۇردى. ئۇلار ياپونىيىدىكى بىر قەدەر بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مۇسۇلمانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقلىرىدىن گائايا خاچىرو (دىنىي ئىسمى ئەھمەد، 1868 ـ 1946)، يامائوكا كوئۇتاروئۇ (دىنىي ئىسمى ھاجى ئۆمەر، 1880 ـ 1946)، يامادا ئېنجىروئۇ (دىنىي ئىسمى ئابدۇللا رەھمان، 1866 ـ 1957)، تاناكا ئىپپېئى(1883 ـ 1933) قاتارلىق ئەربابلار بار. يامائوكا كوئۇتاروئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرىنى زىيارەت قىلىپ «ئەرەب ئەللىرى ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلارنى يازدى. تاناكا ئىپپېئى ئۇزۇن ۋاقىت جۇڭگودا تۇرغان بولۇپ، 1924 ـ يىلى جىنەندىكى بىر مەسچىتتە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانىدى، كېيىن مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ياپونىيىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە سىياسىي ساھەدىكىلەر ئىچىدە ئىسلام دىنى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى: 1932 ـ يىلى 17 ئالىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن "ئىسلام مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتى" قۇرۇلۇپ «ئىسلام مەدەنىيىتى» دېگەن ژۇرنالنى نەشر قىلدى؛ 1938 ـ يىلى سىياسىي ساھەدىكى بەزى ئەربابلار بىرلىشىپ "بۈيۈك ياپون ئىسلام جەمئىيىتى"نى قۇرۇپ «ئىسلام دۇنياسى» دېگەن ئايلىق ژۇرنالنى نەشر قىلدى؛ 1940 ـ يىلى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ "توكيو ئىسلام بىرلەشمىسى"نى قۇردى؛ 1953 ـ يىلى ياپونلۇق داڭلىق ئەربابلاردىن سادىق ئىمائىزۇمى، ئابدۇللا مۇنىر ۋاتانابې شىيوئۇجى قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن توكيودا "ياپونىيە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى" قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، بۇ جەمئىيەتكە ياپونىيىدىكى داڭلىق مۇسۇلمان ئەربابلاردىن سادىق ئىمائىزۇمى، ئۆمەر مىتا ريوئۇئىچى، ئەبۇ بەكرى مورىموتو تاكېئو، ئۆمەر ئىئوكىبې يوئۇجىروئۇ قاتارلىقلار رەئىس بولدى. بۇ جەمئىيەت كۆپ قېتىم ئىسلام ئالىملىرى ۋە دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 1960 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەرەب ئەللىرىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتتى؛ 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا پۈتۈن كۈچىنى مىتا ريوئۇئىچى ياپونچىغا تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلدۇرۇشقا قاراتتى، 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۇنى قايتا تۈزۈتۈپ 2 ـ قېتىم نەشر قىلدى؛ «ئىسلام دىنى» دېگەن ژۇرنالنى نەشر قىلدۇردى. 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ 9 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىنى خىگۇچى مىمساكا ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياپونىيە ھەربىي ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى تەتقىق قىلدىغان مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە ھەر خىل تەشكىلاتلارنى قۇردى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ۋاقىتتا نەشر قىلىنغان ئىسلام دىنىغا دائىر ھەر خىل كىتاب ۋە ژۇرنال 100خىلدىن ئاشقان. ئەمما بۇ تەشكىلات ۋە تەتقىقات مەركەزلىرىگە مۇسۇلمانلار رەھبەرلىك قىلمىغان ۋە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىگەللەنمىگەن، ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بولماستىن، ئۆزى ئىگەللىگەن جۇڭگو ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك زۆرۈر بولغان ساۋاتلاردىن ياپون قوشۇنلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇشنىلا مەقسەت قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ 1945 ـ يىلى ئۇرۇشنىڭ ئاياقلىشىشى بىلەن تەڭ بۇ تەشكىلات ۋە تەتقىقات مەركەزلىرىمۇ تەڭ يوق بولدى.

1973 ـ يىلى پارتلىغان نېفت كرىزىسى ۋە ئەرەب دۇنياسىنىڭ گۈللىنىشى نەتىجىسىدە ياپونىيىدە بىر قېتىم ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئەرەب ئەللىرىنىڭ ياپون ئىقتىسادىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئوراپ تۇرغان دۆلەت ئىكەنلىكىنى، يېقىنىراق دۆلەتلەردىن مالايسىيا، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، برۇنېي، تايلاند، بىرما ۋە جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار، يىراقراق ئىسلام ئەللىرىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ياپونىيە نوپۇسىدىن نەچچە ھەسسە كۆپلىكىنى، ياپونىيىنىڭ ئۇ جايلاردىكى بازارلارنى ئېچىشقا، بولۇپمۇ ئۇ جايلاردىكى نېفىتقا موھتاج ئىكەنلىكىنى، بۇ ئەللەرنىڭ ياپونىيىدىكى كۆچمەن ئاھالىسىنىڭ بىر ئىنتىپاقداش گەۋدە بولۇپ ياشاپ ئۆز ئانا ۋەتىنى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئىسلام دۇنياسىغا دىققەت نەزىرىنى تاشلاشقا باشلىدى. بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مىزانلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئىسلام دىنىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ياپونلۇقلارنى

مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەج پائالىيىتىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈش، ئەزان ئاۋازى ۋە قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. كرىزىس مەزگىلىدە ئون مىڭلىغان ياپونلۇق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، 1974 - يىلىدىن باشلاپ توكيو شەھىرىدە ''ياپونىيە ئىسلام مەركىزى''(بۇ مەركەز 1965 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا ''دۇنيا ئىسلام مەركىزى'' دەپ ئاتالغان، 1974 - يىلى ''ياپونىيە ئىسلام مەركىزى'' دەپ ئۆزگەرتىلگەن) ''ياپونىيە ئىسلام مەجلىسى''، ''ئىسلام مەدەنىيەت جەمئىيىتى''، ''ياپونىيە ئىسلام دوستلۇق بىرلەشمىسى''، ''ياپونىيە ئىسلام توغرا يولغا يېتەكلەش جەمئىيىتى''، ''ياپونىيە ئىسلام ئاياللار جەمئىيىتى'' قاتارلىق 13 ئىجتىمائىي تەشكىلات قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە كيوتو، ئوساكا، ناگويا، يوكوھاما، كوبې، خىروسىما، توكۇشىما، كانازاۋا، سىنداي، خوككايدو قاتارلىق شەھەرلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئىسلام دىنىغا دائىر ھەر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. مەسىلەن: يوكوخاما شەھىرىدىكى ''ئىسلام مائارىپ ئاخبارات مەركىزى''، كيوتو شەھىرىدىكى ''ياپونىيە ئىسلام مېھرىبانلىق جەمئىيىتى''، ئوساكا شەھىرىدىكى ''ئىسلام مەدرىسە - مەسچىتى''، توكۇشىما شەھىرىدىكى ''ئىسلام مائارىپ مەركىزى''، ''خوككايدو ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى''، ''سىنداي ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزى'' قاتارلىقلار. ئۇندىن باشقا توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى، ياپونىيە شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسى، ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزىنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدىمۇ ئىسلامغا دائىر تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ماتېرىياللىرى بارلىققا كەلدى.

ياپونىيىدىكى مەسچىت قۇرۇلۇشى 1905 - يىلى باشلاندى. ئۆز ۋاقتىدىكى ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن روسىيە ئەسكەرلىرى ئىچىدە نەچچە يۈز تاتار قاتارلىق مۇسۇلمان كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنى ئوساكا شەھىرىگە يېقىن بىر جايغا ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇلار بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاددىيلا بىر نامازخانا ياسىدى. بۇ ياپونىيىدە مەسچىت سېلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ياپونىيىدە 25چوڭ مەسچىت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر چوڭ، داڭلىق ھەم تارىخى ئۇزۇن مەسچىتلەردىن كوبې مەسچىتى، توكيو مەسچىتى، ناگويا مەسچىتى، ئوساكا مەسچىتى قاتارلىقلار بار. 1917 - يىلى روسىيىدە ئىنقىلاپ پارتلاپ، ئەسلىدە روسىيىدە ياشايدىغان تۈركىي مىللەتتىن بولغان نۇرغۇن ئاھالە سىياسى بۇزغۇنچىلىقتىن قورقۇپ پاناھلىنىش ئۈچۈن روسىيىدىن سىرتقا قاراپ يولغا چىققاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قازان ئوبلاستىدىن قېچىپ چىققان تۈركىي مىللەتلىرىدىن بولغان مۇسۇلمانلار پاناھلىنىش ئۈچۈن مانجۇرىيە ئارقىلىق ياپونىيىگە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى توكيودا ئولتۇراقلاشتى ھەمدە 1922 - يىلى مەھەللىۋى ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇردى. ئۇلار 1938 - يىلى قۇربان ئەلى ۋە ئابدۇلئەھەد ئىبراھىملارنىڭ يېتەكچىلىكى ھەم ئۆز ۋاقتىدىكى ياپونىيەنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارنىڭ قوللىشى بىلەن، مۇساپىرلارنىڭ تۇنجى مەسچىتى— ئەرەب پوسۇنىدىكى ''توكيو مەسچىتى''نى سالدى. قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى قاتناشتى. 1938 - يىلىدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىزچىل ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ نامازخانىسى بولۇپ كەلگەن بۇ مەسچىت، ئۇزۇن ۋاقىت رېمونت قىلىنمىغانلىقىدىن 1984 - يىلى تاقىۋېتىلدى ۋە 1986 - يىلى چېقىۋېتىلدى. 1953 - يىلى توكيودا قۇرۇلغان ''ياپونىيە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى'' تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىئانە توپلاپ، ئەسلىدىكى مەسچىتنىڭ ئورنىغا قايتا مەسچىت سېلىش تەييارلىق خىزمىتى ئىشلىدى. 1997 - يىلى قۇرۇلۇش لاھىيىسى لايىھىلىنىپ پۈتتى. ياپونىيە ۋە تۈركىيىنىڭ ئىرىشچانلىق كۆرستىشى بىلەن مەسچىت قۇرۇلۇشى 1998 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى باشلىنىپ، ئىككى يىل جىددىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق 2000 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تاماملىنىپ، داغدۇغىلىق ھالدا مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن توكيو مەسچىتىنىڭ ناماز ئوقۇش، ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇلاقات قىلىشىدەك مۇھىم رولى يەنە ئەسلىگە كەلدى. 1935 - يىلى كوبېدا تۇرۇۋاتقان ھىندىستانلىق مۇسۇلمان سودىگەرلەرمۇ بۇ شەھەردە كوبې مەسچىتىنى قۇرغانىدى. بۇ مەسچىت تا ھازىرغىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. 1938 - يىلى ناگويا شەھىرىدىكى تۈركىيىلىك مۇھاجىرلارمۇ بىر مەسچىت سالغان بولۇپ، بۇ مەسچىت 1945 - يىلى ھاۋا (ئاخىرى 54 - بەتتە)

# خەلقئارالىق بېرىش - كېلىشلەر

## بۇ يىلقى ھەج خىزمىتى ئۆمىكى مۇلازىمەت ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستافا ياڭ جىبو ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سۇلايمان ماكەيشەن مەسلىھەتچى، شىنجاڭ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رىشىت نىياز، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 - مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئادەم ماجىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى نەبىل ما جۇڭپىڭ، ئامۇر جاڭ گۇاڭلىن، نىڭشىيا دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇ جىرۋې، چىڭخەي ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما ۋېنسەنلەر مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بۇرھانىدىن چاڭ چىڭلياڭ باش كاتىپ، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋ جەنفۇ، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇنلار مۇئاۋىن باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن 56 كىشىلىك جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 2006 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 2007 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگە قەدەر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ ئىشلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ ۋە بىرمۇنچە دوستانە دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ ساق - سالامەت ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

بۇ يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكىتىمىزنىڭ 27ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن 9799 نەپەر مۇسۇلماننى( بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ رايونىدىن 3270دىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار) ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇردى(ئۆتكەن يىلى 6944 نەپەر كىشىنى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرغانىدى).

بۇ ھاجىلار 2006 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان 30 ئايروپىلان بىلەن لەنجۇ، ئۈرۈمچى، كۇنمىڭ، بېيجىڭ شەھەرلىرىدىن يولغا چىقىپ بىۋاستە مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە بېرىپ زىيارەت ۋە ئىبادەت قىلىپ بولۇپ، مەككە مۇكەررەمەگە كېلىپ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىپ، 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە ساق - سالامەت ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى شەيخ زائىد خەيرىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئورگىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن جەمئىيىتىمىز ئۇيۇشتۇرغان 18 نەپەر جۇڭگولۇق مۇسۇلماندىن تەركىب تاپقان ھەج ئۆمىكىمۇ بۇ يىلقى ھەج پائالىيىتىگە قاتناشتى. شۇنداقلا يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمانلاردىن تەشكىل تاپقان 40كىشىلىك ھەج ئۆمىكى ھەم ھەج قىلىپ قايتتى، شياڭگاڭ، ئاۋمېندىنمۇ 10 نەچچە مۇسۇلمان ھەج قىلدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا، 2006 - 2007 - يىللىق ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 3 مىليوندىن ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەلدىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلار 1 مىليون 638 مىڭدىن ئارتۇق، سەئۇدى ئەرەبىستانى تەۋەلىكىدىن ھەج قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەنلەر 455 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىلقى ھەج مەزگىلى”ھەج كەبىر“ ۋاقتىغا ئۇدۇل كەلگەنلىكى ئۈچۈن مەككە مۇكەررەمە ئاھالىسىنى ئاساس قىلغان سەئۇدىلىقلار ۋە ئۇ يەردىكى چەت ئەل مۇھاجىرلىرىدىن بىر مىليوندەك مۇسۇلمان ھەج تاۋاپ قىلغان.

دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندىن كېيىن، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھى بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ، جۇڭگو ھاجىلىرىنى مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ھەج تاۋاپ ۋە زىيارەتكە ئۇيۇشتۇرۇش، ئالدىن ياتاق ۋە ماشىنا تەييارلاش، ئايروپورتتا كۈتۈۋېلىش ۋە يولغا سېلىش، ھاجىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ھەج مەزگىلىدە ئاغرىق سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلارنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى مەمنۇنىيەتلىك بىر تەرەپ قىلىش، ئاخىرىدا ھاجىلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ۋەتەنگە يولغا سېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇلازىمەت خىزمەتلىرىنى ياخشى ئورۇنلاپ، جۇڭگو ھەج قىلغۇچىلىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىۋېلىشىغا قۇلايلىق شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ھەج خىزمەت ئۆمىكى مەسئۇللىرى ھەج مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ئۇتۇقلۇق بېجىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇناسىۋەتلىك دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى: ئۆمەك باشلىقى مۇستافا ياڭ جىبو قوش ھەرەم شېرىپ خادىمى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ پادىشاھ مۇراسىمى ۋە پادىشاھ زىياپىتىگە قاتنىشىپ، پادىشاھقا رەئىس ھۇ جىنتاۋنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ۋە جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى ھەم بارلىق جۇڭگو ھاجىلىرىغا ۋاكالىتەن پادىشاھقا ۋە

سەئۇدى ھۆكۈمىتىگە چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتتى؛ ئۆمەك باشلىقى مۇستافا ياڭ جىبو، مەسلىھەتچى ما كەيشەن قاتارلىقلار باش كونسۇل ناسىر چاڭ يىنىڭ ھەمراھلىقىدا، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن ئەلتۈركىنى زىيارەت قىلىپ، دوستانە سۆھبەتلەشتى؛ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج ئىشلىرى ۋەزىرى دوكتور فارىسنى زىيارەت قىلىپ سەمىمىي سۆھبەتتە بولدى ۋە ۋەزىرگە جۇڭگو دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن ھەم رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەننىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى؛ ھەج ۋەزىرى بەرگەن زىياپەتكە داخىل بولدى؛ ھەج ۋازارىتى ئۇيۇشتۇرغان «شەرىئەت يول قويغان دائىرىدە ھەج مۇراسىمىنى ئاسانلاشتۇرۇش» دېگەن تېمىدىكى ھەج مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى؛ دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ رەئىسى دوكتور ئەھمەد مۇھەممەد ئەلىنى زىيارەت قىلىپ، بۇ بانكىنىڭ جۇڭگو ئىسلام مائارىپى قاتارلىق جەھەتلەردە بېرىۋاتقان ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، بۇندىن كېيىنكى ياردەم ئىشلىرى توغرىسىدا دوستانە ۋە سەمىمىي سۆھبەتلەشتى.

ھەج مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ جىددە مۇبارەك شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بۇ يىلقى ھەج خىزمىتىگە باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى. باش كونسۇل ناسىر چاڭ يى، مۇئاۋىن باش كونسۇل ئەنۋەر ھەببۇللا قاتارلىقلار كۆپ قېتىم ھاجىلارنىڭ تۇرالغۇسى ۋە داۋالىنىش بۆلۈملىرىگە بېرىپ ھاجىلاردىن ھال سورىدى، بىرمۇنچە ھاجىلار باش كونسۇللارنىڭ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھاجىلارغا بولغان غەمخورلۇقى ۋە كۆيۈنۈشىنى ئىپادىلەپ قىلغان سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى؛ باش كونسۇل جۇڭگو ھەج خىزمىتى ئۆمىكى مەسئۇللىرى ئېلىپ بارغان بىرمۇنچە پائالىيەتلەردە، جۈملىدىن ھەج ۋەزىرى بىلەن كۆرۈشۈش، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى بىلەن كۆرۈشۈش قاتارلىق پائالىيەتلەردە خىزمەت ئۆمىكى مەسئۇللىرىغا ھەمراھ بولدى. خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەرنى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ شۆبە ئۆمەك مەسئۇللىرىنى كونسۇلخانىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى؛ بولۇپمۇ خىزمەت ئۆمىكى باش كونسۇلخانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، كونسۇلخانىدا ئاخبارات يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە ئاساسلىق گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرىغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ يىلقى ھەج قىلىش ئەھۋالى، جۇڭگونىڭ دىن سىياسىتى ھەم ھەج خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى، ئەتىسىدىن باشلاپ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ گېزىتلىرىدە كەينى-كەينىدىن بۇ قېتىمقى ئاخبارات يىغىنىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا خەۋەرلەر باستى.

خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەر يەنە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى كونا دوستلىرىنى يوقلىدى، سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ ياخشى ۋەزىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن خەۋەردار قىلدى. شۇنداقلا خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەر يەنە جىددىي خىزمەت ۋاقتىدىن بوشىغان چاغلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەرەمەيىن(قوش ھەرەم شەرىپ) مۇزېيى، كەئبە كەسۋىسىنى(يوپۇقىنى) توقۇش فابرىكىسى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.

خىزمەت ئۆمىكى ئەزالىرى تۈنجى ئايروپىلاندا ماڭىدىغان ھاجىلار بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ماڭغان چاغدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرىدىن ئىبراھىم خوڭ چاڭيۇ، شەمشىدىن ھاجى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ كونسۇلى مەجىد ئەل شەممەرى قاتارلىقلار لەنجۇ ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇزىتىپ قويغانىدى. شىنجاڭلىق ھاجىلار ۋەتەنگە قايتقاندا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم، مۇئاۋىن باش كاتىپى ئىمادىدىن ۋېن جېيەن قاتارلىقلار ئالاھىدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ھاجىلارنى كۈتىۋالدى.

1-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە ھەرقايسى جايلاردىن بارغان ھاجىلار ئۆز جايلىرىغا كېلىپ بولدى. (شەمشىدىن ھاجى)

## ئىران ئىسلام بىرلەشمە پارتىيىسى ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** ئىران ئىسلام بىرلەشمە پارتىيىسىنىڭ سابىق باش شۇجىسى ھەببۇللا ئەسقەر ۋولادى مۇسەلمانى باشچىلىقىدىكى 10كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىسلام بىرلەشمە پارتىيىسى كادىرلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 2006-يىلى 12-ئاينىڭ 4-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللا، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۆي، مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجى، ئىبراھىم خوڭ چاڭيۇ، ئادىلجان ھاجى كېرەم، مۇئاۋىن باش كاتىپلاردىن بارات رەجەپ، ئىبراھىم ۋاڭ گولياڭ، ئىمادىدىن ۋېن جېيەن قاتارلىقلار مېھمانلارنى قىزغىن كۈتىۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. (ب)

## ئافغانىستان پارلامېنتى مۆتىۋەرلەر كېڭەشىنىڭ رەئىسى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى

ئافغانىستان پارلامېنتى مۆتىۋەرلەر كېڭەشىنىڭ رەئىسى مۇجاددىدى باشچىلىقىدىكى 9 كىشى 2007-يىل 1-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسرىدىن، باش كاتىپ جۇرئەت مەمتىمىن ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسى تاشقى ئىشلار ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار(مۇھاجىرلار) ئىشخانىسى، ئاپتونوم

www.uyghurkitap.com

رايونلۇق مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى. ئىنستىتۇت مەسئۇللىرى مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىنستىتۇت مەسئۇلى ئەزىز دۆلەت ئىنستىتۇت ئوقۇتقۇچى - تالىپلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىگە ۋاكالىتەن مېھمانلارنىڭ ئىنستىتۇتقا زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، مۇئاۋىن مۇدىر ئابدۇرەقىپ داموللا مېھمانلارغا ئىنستىتۇتنىڭ 20يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى. رەئىس مۇجادىدى ئىنستىتۇتنىڭ قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە مۇنداق دېدى: جۇڭگو خەلقى ئۆگىنىشكە ئامراق، پەن - تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىسلام دىنى تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان، تىنچلىقنى، ئادىللىقنى، مېھرىبانلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن، ئۇ تېررورلۇقنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. جۇڭگونىڭ دىني ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى، ئۆزئارا ئاسراش ۋە ھۆرمەتلەشنى، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك؛ ئافغانىستان بىلەن جۇڭگو ئىناق دۆلەت، ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن.

ئاخىرىدا مۇجادىدى ئىنستىتۇت رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىنستىتۇتنىڭ شارائىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە ئىنستىتۇت ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلىدى.

## جەمئىيىتىمىز ۋەكىللىرى ”ئاسىيا دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ئىجرائىيە ھەيئىتى يىغىنى“غا قاتناشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ھەيئىتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىلجان ھاجى كېرەم ئۆمەك باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى بولغان 6 كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى 2006 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە فىلىپپىننىڭ پايتەختى مانىلادا ئېچىلغان 2006 - يىللىق ”ئاسىيا دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ئىجرائىيە ھەيئىتى يىغىنى“غا قاتناشتى. يىغىنغا جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيە، فىلىپپىن، ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق ”ئاسىيا دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ھەيئىتى“ تەشكىلاتىغا ئەزا 16دۆلەتنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى، كۆزەتكۈچىلىرى ۋە ”دۇنيا دىنىي ساھەدىكىلەر تىنچلىق ھەيئىتى“ تەشكىلاتىنىڭ كۆزەتكۈچىلىرى بولۇپ 50دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. (ب)

# ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2006 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭ چاڭچېڭ مېھمانسارىيىدا زىياپەت ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بەي لىچېن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، شۇنداقلا مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ئىدارىسى، جۇڭگو خەلق چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق جەمئىيىتى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئەرەب - ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە خانىملىرى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا ئىشلەۋاتقان مۇتەخەسسىسلىرى، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى بولۇپ 300 گە يېقىن كىشى زىياپەتكە ئىشتىراك قىلىپ، قۇربان ھېيتىمىزنى تەبرىكلىدى.

زىياپەتكە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن داموللا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن سۆزلەپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋە جۇڭگودا ئىشلەۋاتقان ھەرقايسى ئەللەر مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قۇربان ھېيتىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرىغا ھېيتلىق سالام يوللىدى. (ب)

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر- دىن ئىشلىرى كومىتېتى رەھبەرلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2006 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نيۇ ماۋشېڭ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، ئادىلجان ھاجى كېرەم، مۇئاۋىن باش كاتىپلاردىن بارات رەجەپ، ئىبراھىم ۋاڭ گولياڭ، ئىمادىددىن ۋېن جيەن قاتارلىقلار كۈتۈۋېلىشقا قاتناشتى.

مۇدىر نيۇ ماۋشېڭ قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى خىزمەت بىناسىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە جەمئىيەت رەھبەرلىرىدىن ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن ۋە مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي قاتارلىقلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. رەھبەرلەر جەمئىيەتكە ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنىغا، جۈملىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە قىلغان غەمخورلۇقىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. (ب)

## شاۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

2006 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابلىز ئابدۇرەھىم، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇ جېنچياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى) ھاپىز نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ يىڭبىن قاتارلىق يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شاۋكەت ئىمىن ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇننىڭ جەمئىيەت خىزمىتى ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئاندىن مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: ۋەزىيەت تەرەققىياتى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدۇ، ئىسلام جەمئىيىتى ئۆز قوشۇنىغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىپ، كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈش، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئېتىقادچى ئامما بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك؛ دۆلىتىمىزنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ھەققىي كۈچەيتىشى لازىم؛ ئومۇمىي ۋەزىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇشى، ھەر يىلى چوقۇم مۇناسىپ ھالدا مۇھىم خىزمەت نۇقتىسى بولۇشى لازىم؛ ئاساسىي قاتلامدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە قارىتا كەسپىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى چۈشىنىشى، ئەھۋالنى ئىگىلىشى لازىم؛ كادىرلار قۇرۇلمىسى تەركىبلىرىنى تەدرىجىي مۇۋاپىقلاشتۇرۇشى، مەمۇرىي كادىرلار دىننى چۈشىنىدىغان، دىن خىزمىتى كادىرلىرى سىياسەتنى چۈشىنىدىغان بولۇشى، بۇ ئارقىلىق دىن بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش، ”شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش“ خىزمىتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزۇشى كېرەك؛ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك؛ ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تەلئەت تۇرسۇن دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن بەرگەن يوليورۇقنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ھەم ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيدىغانلىق ئىرادىسىنى بىلدۈردى. (شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى)

## شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى 7 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىلدى

شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى 7 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 2006 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ 22 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي، بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ يىنبىن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ليۇ جېنچياڭ، ھاپىز نىياز، ما شاۋشىنلار قاتناشتى. يىغىندا ۋاڭ ۋېي، ھاپىز نىيازلار سۆز قىلىپ مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى.

يىغىندا، يەنە جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى ئۆگىنىلدى. شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك 1 ـ سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى ۋە بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى. شۇنداقلا يەنە شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمەت ھەيئىتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ئەزالىرى ھەم كاتىبات گۇرۇپپىسى ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. ئابدۇللىتىپ داموللا شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە ۋە شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمەت ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، تەلئەت تۇرسۇن، ما ئەنتەي ئاخۇن، جۇمە داۋۇتلار ھەيئەتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا سايلاندى. (مۇھتەرەم ھاجى)

▼قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 4 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 2006 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ 29 ـ كۈنلىرى قەشقەر شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە(شەھەر)دىن كەلگەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك، خۇيزۇ مۇسۇلمانلىرىدىن بولۇپ، 121نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا 3 ـ نۆۋەتلىك ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى ۋە بۇندىن كېيىنكى بەش يىللىق خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋەكىللەر جۇڭگو ئىسلام دىنى 8 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 7 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ قېتىملىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى 3 ـ نۆۋەتلىك ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ماقۇللىدى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ۋە تەشەببۇسنامىسىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ھەم بىردەك ماقۇللىدى. يىغىن دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى بارلىققا كەلتۈردى، يىغىندا 55 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 35 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 9 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، بىر نەپەر باش كاتىپ سايلاپ چىقىلدى. مۇھەممەدئىمىن قارى ھاجى رەئىسلىككە، مەمەتئېلى مەمەت، جۇمە داموللا ھاجى، زۇنۇن قارى ھاجى، ئابدۇقادىر مەخسۇم ھاجى، ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجى، ئابدۇسەمەت ھاجى، ئابدۇرەھمان قارى ھاجى، شامخان(تاجىك)لار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ھاجى ئىسلام باش كاتىپلىققا سايلاندى. (ياقۇپ ھاجى)

▼2006 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 2006 ـ يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى ھەمدە 2007 ـ يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 2006 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى

مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مۇشتەرى توپلاشتىكى 3 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 12 نەپەر ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى. (نەجات غوپۇر)

▼2006 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يەكەن ناھىيىسى شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرى باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ بىر يىللىق خىزمەتلىرى خۇلاسىلەندى ۋە 2007 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىغىن ئاخىرىدا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشتىكى 29 نەپەر ئىلغار شەخس ۋە ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدىكى 26 نەپەر ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى. (ياقۇپ ھاجى)

## ئىسلام مائارىپى

### جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىرى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا چىقىدىغان تالىپلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2006 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، ئادىلجان ھاجى كېرەم، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن بارات رەجەپ، ئىبراھىم ۋاڭ گۇلياڭ، ئىمادىددىن ۋېن جيەن قاتارلىق رەھبەرلەر مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇشقا بارىدىغان 40 نەپەر تالىپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان يۇقىرى ساپالىق دىنىي زات بولۇپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى. تالىپلار ۋەكىللىرى ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماي، ئۆگىنىش پۇرسىتىنى چوقۇم قەدىرلەپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر قەدەر يۇقىرى بىلىملىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ تالىپلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ بىۋاستە ئالغان تاللاش ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن تالىپلاردۇر. ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئەۋەتكەن يەھيا تۇرسۇن، مۇھەممەد ئىمىن ئابلا، ئوسمان نىياز، مۇھەممەدكېرىم ئىبراھىم، ئابدۇۋەلى ئابدۇرېھىم، نۇرمۇھەممەد كېرىم؛ جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى ئەۋەتكەن شۆھرەت، نىزامىدىن ئالاۋۇدۇن، تەۋپىق مەخسۇم، مۇھەممەدئېلى ئىمام قاتارلىق شىنجاڭلىق تالىپلار بار. سۆھبەتتىن كېيىن رەھبەرلەر تالىپلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. (ب)

### ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مۇنەۋۋەر تالىپلارنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى مىسىردا ئۆتكۈزۈلدى

قۇربان ھېيت ۋە يېڭى يىل ھارپىسىدا، 2006 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى قاھىرە شەھىرىدە قۇربان ھېيت ۋە يېڭى يىل بايرىمىنى تەبرىكلەش ھەم 2005 - 2006 - ئوقۇش يىلىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن تالىپلارنى«شىنجاڭنى سۆيۈش ئوقۇش مۇكاپاتى» ۋە «باش ئەلچى ئوقۇش مۇكاپاتى» بىلەن مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەتكە باش ئەلچى ۋۇسكي، مۇئاۋىن باش ئەلچى لى چېن، ئەلچىخانا مائارىپ باشقارمىسى ۋە ئاخبارات باشقارمىسى مەسئۇللىرى، مىسىردا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق تالىپلار، خەنزۇچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇستازلار، جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرى بولۇپ 200دەك كىشى قاتناشتى. بۇ پائالىيەتتە، باش ئەلچى ۋۇسكي ۋە مۇئاۋىن باش ئەلچى لى چېن مىسىردا ئوقۇۋاتقان 41نەپەر شىنجاڭلىق مۇنەۋۋەر تالىپقا تونجى نۆۋەتلىك «شىنجاڭنى سۆيۈش ئوقۇش مۇكاپاتى» ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى، شۇنداقلا 19نەپەر تالىپقا 2006 - يىللىق«باش ئەلچى ئوقۇش مۇكاپاتى»ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە، باش ئەلچى ۋۇسكي سۆز قىلىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۆگىنىشتە نەتىجە قازىنىپ، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇشنى، يېڭى بىر يىلدا تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلدى. تالىپلار ۋەكىللىرى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ۋەتەن ۋە ئەلچىخانىنىڭ يات ئەلدە ئۆگىنىۋاتقان تالىپلارغا قىلىۋاتقان غەمخورلۇقىغا تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن، يېڭى بىر يىلدا تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى، بالدۇرراق ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ، كەلگۈسىدە ۋەتەنگە تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئوقۇش مۇكاپاتى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقتىكىلەرگە ياردەم بېرىش پۇلى، ئوقۇش ياردەم پۇلى ۋە مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇكاپاتىدىن ئىبارەت تۆت تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان«شىنجاڭنى سۆيۈش ئوقۇش مۇكاپاتى»نىڭ تەسىس قىلىنىشى 2006 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەننىڭ مىسىرنى زىيارەت قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ مىسىردا ئوقۇۋاتقان بىر بۆلۈك تالىپلار بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ھەر يىلى 200 مىڭ يۈەن مەخسۇس راسخوت ئاجرىتىپ، بۇ پۇل بىلەن بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان ئۆگىنىشتە ئەلاچىلارنى مۇكاپاتلاش ۋە تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىقى بار شىنجاڭلىق تالىپلارغا ياردەم بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇزاق يىللاردىن بېرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەۋەتىشى قاتارلىق يوللار بىلەن بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەن تالىپلارنى ئوقۇش ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەپ ئوقۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ، ھازىر بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق تالىپلار 300دىن ئاشىدۇ. (ش)

### ۋەزىپىدىكى ئىمام - خاتىپلار كۇرسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2007 - يىل 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 8 - نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش ھەيئەت ئەزالىرىدىن ۋەزىپىدىكى ئىمام - خاتىپلار كۇرسىنىڭ دەرس باشلاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، ئادىلجان ھاجى كېرەم، مۇئاۋىن باش كاتىپلاردىن بارات رەجەپ، ئىبراھىم ۋاڭ گۇلياڭ، ئىمادىددىن ۋېن جيەن قاتارلىقلار قاتناشتى. مۇراسىمغا ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ رىياسەتچىلىك قىلدى، ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن " يېڭى دەۋردە ئىمام، خاتىپلىق

ۋەزىپىسىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئادا قىلغىلى بولىدۇ" دېگەن تېمىدا مەخسۇس دوكلات بەردى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 - مەھكىمىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى ۋە كۇرسقا قاتناشقانلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۇرس قاتناشچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئۆز ئىپادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى. كۇرس ۋاقتى بىر ئاي بولۇپ، بۇ جەرياندا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن تەكلىپ قىلىنغان مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا دەرس ۋە لېكسىيە سۆزلىدى، دەرس ئارىلىقلىرىدا مۇزاكىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇشنى بىرلەشتۈردى. ئاخىرى گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. (ب)

▼يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋەزىپىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ دىنىي بىلىمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۇرس باشلىدى. كۇرسنىڭ مۇددىتى 3 ئاي بولۇپ، بۇ قېتىمقى كۇرسقا 100 نەپەر دىنىي زات قاتناشتى. (ياقۇپ ھاجى)

▼مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان دىنىي زاتلارنىڭ 2 - قېتىملىق شاگىرتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، بۇ قاراردا 20 كىشى كۇرسنى تۈگەتتى. (ياقۇپ ھاجى)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

▼قۇربان ھېيت ۋە يېڭى يىل كېلىشى بىلەن ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق بازىرى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى 3000 يۈەن ئىئانە توپلاپ 10 نامرات ئائىلىدىن ھال سورىدى. ھامۇت ساموش ھاجىم ئۆز يېنىدىن 5000 يۈەن چىقىرىپ، ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە 5 توننا كۆمۈر ئېلىپ بەردى ھەمدە 12 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا قىشلىق كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەردى. يەنە بەشئېرىق بازىرىدىكى 84 دىنىي پائالىيەت سورۇنى جەمئىي 23مىڭ 405يۈەن يىغىپ، 238 ئائىلىدىن، بەش نەپەر دىنىي زات 3380 يۈەن يىغىش قىلىپ 40 ئائىلىدىن ھال سورىدى. يەنە تۆت دىنىي پائالىيەت سورۇنى 1100 يۈەن چىقىرىپ ئۆزى تۇرۇشلۇق مەھەللىدىكى مەكتەپكە كۆمۈر ئېلىپ بەردى. (ھەسەنجان مەمەت)

▼يەكەن ناھىيە مشا يېزا شۆبە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن بۇ يېزىدىكى 91 نەپەر دىنىي زات شۇ يېزىدىكى قوۋۇرغىسى سۇنۇپ ئېغىر يارىدار بولغان بىر دېھقانغا 11مىڭ 839 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

▼يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيە 45 - تۈەن تەۋەسىدىكى 36 دىنىي زات سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدا جامائەتنى ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىق قىلماسلىققا دەۋەت قىلىش ھەققىدە كېلىشىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. (ئەخەت ئابلىز)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

▼مارالبېشى ناھىيە بازىرى ئاق مەسچىتنىڭ خاتىپى ئېلى ئابدۇللا قارىم ئانىسىنىڭ نەزىرىسىگە ئاتاپ قويغان 4000 يۈەن پۇلغا 50 خالتا ئۇن، 250 كىلوگرام ياغ سېتىۋېلىپ، 50 نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. (ياقۇپ ھاجى)

▼يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيە 45 - تۈەن 2 - لىيەندە ئولتۇرۇشلۇق ئالدىن بېيىغان ئەركىنجان تۇراق ئۆز يېنىدىن 8500 يۈەن چىقىرىپ، چوڭ ئۆستەڭگە بىر كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. 6 - لىيەندىكى بىر دېھقاننىڭ ئايالى ئېغىر ئاغرىپ قېلىپ پۇلغا موھتاج بولغاندا، 5 - لىيەننىڭ باشلىقى مۇھەممەد سەمەت ئۆز يېنىدىن 2000 يۈەن ياردەم قىلدى. 45 - تۈەن زارات ساقچىخانىسىدىكى ئابلىمىت سادىق تۈەن مەركىزىي مەكتەپ باشلانغۇچ سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان 15 نەپەر ئوقۇغۇچىغا 1000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. (ئەخەت ئابلىز)

## خەۋەرلەر

▼يېزا ئىگىلىك 3 - دېۋىزىيە پەيزاۋات باش مەيدانى يېقىندا پۈتۈن مەيدان تەۋەسىدىكى 154 نەپەر مېيىپقا 50مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. (سەمەت ئابلىز خۇداۋەردى)

▼توقسۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما ئابدۇللا ئەھمەد داموللا ھاجى 2007 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 96 يېشىدا ۋاپات بولدى. مەرھۇم كېسەل مەزگىلىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى ۋە باشقا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۇنى يوقلىغان ۋە ھال سورىغانىدى. (نىياز ساتتار)

### مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بەرگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى


ئۆز خەۋەرچىمىز: مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بەرگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى 2006 - يىلى 8 - دېكابىر بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ئەركىنجان تۇراخۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى بى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۇرەش مەخسۇت، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىمىن، دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە - كىنو باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ خەيتاۋ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ياڭ بو قاتارلىق رەھبەرلەر ھەمدە پايتەخت ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يىغىندا رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى سۆز قىلىپ، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىنىڭ 50يىلدىن بۇيانقى شانلىق نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئىدارە باشلىقى 50يىللىق شانلىق مۇساپىنى ئەسلەپ ئۆتتى. چۈشتىن كېيىن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى زالىدا يىغىن قاتناشچىلىرىغا خاتىرىلەش يىغىنىغا مەخسۇس تەييارلىغان كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. (ب)



بۇ يىلقى ھەج مەزگىلىدە، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مۇستاپا ياڭ جىبو باش كونسۇل ناسىر چاڭ يىنىڭ ھەمراھلىقىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋەزىرى فۇئاد ئابدۇسالام ئەلفارىسى بىلەن كۆرۈشتى.



جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مۇستافا ياڭ جىبو دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن ئەلتۈركى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



جۇڭگو ھاجىلىرى ئەرافاتتىكى چېدىردا دۇئا-تىلاۋەت قىلماقتا.



2007-يىل 1-ئاينىڭ 24-كۈنى ئافغانىستان پارلامېنتى مۇتەۋەللىلەر كېڭەشىنىڭ رەئىسى مۇجادىدى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى.



2006-يىل 12-ئاينىڭ 29-كۈنى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان تالىپلاردىن 2005— 2006-ئوقۇش يىلىدا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەنلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋۇ سىكې پائالىيەتكە قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن تالىپلارنى تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئاممۇر، ئېيسا، ئابدۇخالىق ھاجى تارتقان)




ISSN 1007-5836

771007 583001 03>

《中国穆斯林》（维吾尔文版）
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

国际标准刊号：ISSN1007—5836
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN11—1346/B
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:

国内邮发代号：（新）58—167
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:

国外发行代号：Q1720
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:

公开发行　定价：4.50元
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　باھاسى: 4.50 يۈەن